# ئىستىقلال ناخشىسى

(1992 ـ 1999 ـ يىللار)

«ئىستىقلالىيەتنى، سىياسىي ئەركىنلىكنى مۇستەملىكىچى
مەملىكەت ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرمەيدۇ. ھەر ئىككىسىنى
كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك... دېمەك ئىستىقلال ـ
ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلالىغان مىللەتنىڭ ھەققى...
ئۇ، كۈرەشچان ئەۋلاتقىلا نېسىپ بولىدۇ!»
ئەخمەتجان قاسىمى.



سابىت ئۇيغۇري

# مۇستەقىللىق مۇبارەك

( ئالتىلىك )

ئەي، تۈركىستان ئەللىرى، بايرامىڭىز مۇبارەك،
مىللەت بەختى ئېچىلغان، ئەييامىڭىز مۇبارەك،
بەختىڭىزنى تويى قىلىڭ، جاھان كۆرۈپ قۇۋانسۇن،
بىر ئۆمۈردە بىر كەلگەن، شادىيانىڭىز مۇبارەك!
قان قېرىنداش دوستلىرىم، مۇستەقىللىق مۇبارەك،
بەختىڭ بەرقارار بولسۇن، تۈمەن ۋىللىق، مۇبارەك!
سەن ئەزەلدە بىر پۈتۈن، تۇران دېگەن ئەل ئېدىڭ،
بايلىق، شۆھرەت، مەرتىۋە ھەممىسىگە تەل ئېدىڭ،
قەرداش ئېدى، دوست ئېدى بارچە ئىللەت ـ ئەللىرىڭ،
قۇدرىتىڭدىن ئەيمىنىپ، تىترىگەن دۈشمەنلىرىڭ،
ئەي، تۇران ئەۋلاتلىرى، مۇستەقىللىق مۇبارەك،
بەختىڭ بەرقارار بولسۇن، تۈمەن ۋىللىق، مۇبارەك!
ئىككى ئەسىر قۇللۇقتا، ئاقتى كۆز يېشىڭ سېنىڭ،
نە قىسمەتلەر كۆرمىدى بەختسىز بېشىڭ سېنىڭ،
پارچىلىدى جىسمىڭنى، يوقاتتى ئۆز ئىسمىڭنى،
شۇندىمۇ سەن ئۆلمىدىڭ، ئۇلغايدى يېشىڭ سېنىڭ.
يېڭى ئۆمۈر بەخش ئەتكەن، مۇستەقىللىق مۇبارەك،
بەختىڭ بەرقارار بولسۇن، تۈمەن ۋىللىق، مۇبارەك!
تۈنۈگۈنلا سەن قارام، ئەللىرىڭ ۋەيران ئېدى،
ئۆز يېرىڭدە ئۆزەڭ قول، ئۆزگىلەر سۇلتان ئېدى،
پەلەك چەرخى چۆرگىلەپ، ساڭمۇ باقتى زامان،
ئىستىقلالىڭ بايرىغىن قولغا ئالدىڭ ئاخىرى!
ئەركى ئالغان دوستلىرىم، مۇستەقىللىق مۇبارەك!
بەختىڭ بەرقارار بولسۇن، تۈمەن ۋىللىق، مۇبارەك!
قاراڭغۇ تۈن ئىلكىدە، ئۆتتى قانچە زامانلار،
يورۇق تاڭغا ئىنتىلىپ، كۈرەشتى نى ئوغلانلار،
ئېقىپ چۈشتى يۇلتۇزدەك قادىرىي ۋە چولپانلار،
ئاخىر ئالدىڭ ئازاتلىق، كەلدى ياخشى دەۋرانلار!
قېرىنداش ئۆزبەك خەلقى، مۇستەقىللىق مۇبارەك،
بەختىڭ بەرقارار بولسۇن، تۈمەن ۋىللىق، مۇبارەك!
قازاقنىڭ كەڭ دالاسىن باسقان چاغدا قانخورلار،
جەڭگە كىردى ماخامبېت، ئامانگىلدى باتۇرلار،
جېلتوقساندا كۈرەشكە چىققاچ ئوغۇل ـ قىزلىرىڭ،
ئىستىقلالىڭ كۆكسىدە پەرۋاز قىلدىڭ باۋىرلار.
قېرىنداش قازاق خەلقى، مۇستەقىللىق مۇبارەك،
بەختىڭ بەرقارار بولسۇن، تۈمەن ۋىللىق، مۇبارەك!
قىرغىز ئېلى ئەزەلدىن ھۆرلىككە خۇمار ئېدى،
ئۆلمەس روھى ماناسنىڭ كۈرەشلەردە يار ئېدى،
توقتوغولنىڭ كۈيلىرى چىللار ئېدى غازاتقا،
ئالتاغدىن كۈن چىقىپ، قىرغىز ئېلى يايرىدى!
قېرىنداش قىرغىز خەلقى، مۇستەقىللىق مۇبارەك،
بەختىڭ بەرقارار بولسۇن، تۈمەن ۋىللىق، مۇبارەك!

تۈركمەننىڭ چۆللىرى ئوتتەك قىزىپ ياتاتتى،
مەنزىلگە يېتەلمەي، كارۋان توختاپ قالاتتى،
مەختۇمقۇلىنىڭ غەزىلىنى ئېيتىپ ماڭسا تۈركمەن،
ئۇنىڭ قەلبى ناخشىدىن پۈتمەس قۇۋۋەت ئالاتتى!
قېرىنداش تۈركمەن خەلقى، مۇستەقىللىق مۇبارەك،
بەختىڭ بەرقارار بولسۇن، تۈمەن ژىللىق، مۇبارەك!
پامىر ئوغلى - تاجىكنىڭ تارىختا گۇۋاسى بار،
ئىبىن سىنا، بېدىلدەك ئۇلۇغوار سىماسى بار،
زەرەپشاننىڭ دەرياسى - تاجىكنىڭ كۆز يېشىدۇر،
ئاڭا نىجاتلىق بەرگەن مۇرەببى خۇداسى بار،
قېرىنداش تاجىك خەلقى، مۇستەقىللىق مۇبارەك،
بەختىڭ بەرقارار بولسۇن، تۈمەن ژىللىق، مۇبارەك!
تۈركىستان، سەن جاھاندا پارلىغان قۇياش ئېدىڭ،
ئۇكەركەبى قوۋۇشقان ئالتە قېرىنداش ئېدىڭ،
كۈن چىقىشتا ئېزىلگەن ئۇيغۇر دېگەن ئېلىڭ بار،
ئۇنى ئازات قىلماقلىق - مۇقەددەس بۇرچۇڭ سېنىڭ!
ئەي، ئازات قېرىنداشلار، مۇستەقىللىق مۇبارەك،
بەختىڭ بەرقارار بولسۇن، تۈمەن ژىللىق، مۇبارەك!
1991 - ژىل، دېكابىر.

## ئىشەنچ

ۋاقىت ۋە ھەرىكەت ھەممىگە قادىر،
ئۇ تاغنى قۇم قىلار، شاھنى - مۇساپىر.
ئويلىساڭ ئوي يەتمەس ئۇلۇق ئىشلارنى،
ۋاقىت ئۆزى روياپقا چىقىرار ئاخىر...
تۇنۇگۈنلا جاھانغا سىغمىغان سوۋېت
كۈلىنى كۆكلەرگە ئۇچاردى زامان.
تۇنۇگۈنلا مەھكوم بوپ ياتقان مىللەتلەر
ھە، بۈگۈن ئۆزىگە بولدى ھۆكمىران!

ئامەتۇ - قىسمەتلەر باقى ئەمەسدۇر،
ئايلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ چەرخى دەۋران،
ئەي، مىسكىن ئۇيغۇرۇم ئۈمىد ئۈزمىگىن،
ساڭمۇ كېلىدۇ، ئازاتلىق زامان!
بىراقتا، ھۇر كۈنلەر ئۆزى كەلمەيدۇ،
قورققانغا تەگرىمۇ بەخت بەرمەيدۇ.
كۈرەش - ئۇ بەختنىڭ ئانىسى، دېمەك،
كۈرەشمەي ئۇيغۇرنىڭ بەختى كۈلمەيدۇ!

1991 - ژىل، دېكابىر.

## ئانا

ئانا ئەزىز، ئانا ئۇلۇق، ئانا مۇقەددەس،
ئانىلارنىڭ ئاق سۈتىنى ئاقلىماق بەك تەس.
بۇ ھاياتتا ئالىم بولۇش شەرت ئەمەس، ئەمما،
ئانا قەدرىن ئادا قىلىپ ئۆتەلىسەك بەس!

باتۇرلارنى، داھىلارنى تۇققانمۇ ئانا،
ئەل دەردىنى ئەلدىن بۇرۇن ئۇققانمۇ ئانا،
قايغۇ كەلسە ھەسرىتىنى ئىچىگە ژۇتۇپ،
شاتلىغىنى سوغات قىلىپ تۇققانمۇ ئانا!

ئانىلاردىن كۈچ ئالىدۇ، باتۇر بىلىگى،
ئانا - دېسە تەۋرىنىدۇ شائىر ژۈرىگى،
گەر يېنىڭدا مېھرىۋانىڭ، ئاناڭ بولمىسا،
سېنىڭ پادىشا بولغىنىڭنىڭ نېمە كېرىگى؟

ھە - ئە، شۇنداق، ھەممىسىدىن ئۇلۇقتۇر ئانا،
ئانا دېگەن - ئەۋلادىغا مەڭگۈلۈك پانا،
شۇڭلاشقا ئانىلارنىڭ شەنىن ئۇلۇقلاپ،
قۇچاق - قۇچاق داستان يازساق يەتمەيدۇ يانا!

ئانا قەلبىن قاپلىمىسۇن قارا تۇمانلار،
چېھرىسىدىن نۇر كەتمىسۇن، قەلبىدىن باھار،
كىرپىكىگە ئىلىنمىسۇن ياش تامچىلىرى،
كۆز ئالدىدا خوشال يايراپ ئۆسسۇن باللار!

## شائىر ئىنىمغا

شېئىر يازغىن، شائىر ئىنىم، ئەزمىسىن گۈللەر تىزىپ،
ژۈرىكىڭدە دەرت قالمىسۇن، بارلىقىڭنى ئال يېزىپ.
شېئىر دېگەن ژۈرەكتىكى هارارەتنىڭ يالقۇنى،
ئەل قەلبىگە ئۇتتى ياقار غەزىلىڭنىڭ هەر قۇرى!
شېئىر يازغىن، يالقۇنلۇنۇپ، كۆيۈپ تۇرۇپ ئوقىسۇن،
ژۈرىكىدە دەردى بارلار سۆيۈپ تۇرۇپ ئوقىسۇن.
شېئىر يازغىن، دولقۇنلىرى قىرغاقلارنى بويلىسۇن،
ئۇيغانمىغان بىغەم جانلار، ئويغىنىپ بىر ئويلىسۇن!
شېئىر يازغىن چاقماق بولۇپ، يورۇپ كەتسۇن يەر يۈزى،
تاراپ كەتسۇن قارا بۇلۇتلار، ئېچىلسۇن كۈننىڭ كۆزى!
شېئىرىڭنىڭ نۇرى بىلەن ئەلنىڭ قەلبى يورىسۇن،
قەلەم تۇتقان ئىنىلىرىڭ، ئاكىسىنى دورىسۇن!

*1992 ـ ژىل، مارت.*

## بارىندىكى شېھىتلار خاتىرىسىگە

*ئۇيغۇرىستان ـ داڭقى كەتكەن ئەرلەر ئېلى،*
*كۈرەشتە، جەڭدە باتۇر مەرتلەر ئېلى.*
*بارىن دېگەن ئاددىغىنا بىر يېزاڭدىن،*
*چىقىپتۇ، يەنە ئۇيغۇر قەيسەرلىرى...*
*ئاز بولسىمۇ كۆپلەر بىلەن ئېلىشىپتۇ،*
*ياش بولسىمۇ شىرغۇرانىدەك چېلىشىپتۇ،*
*ئۇيغۇرنىڭ ئوت ژۈرەك مەرت ئوغۇللىرى،*
*چاقماق بولۇپ يەنە بىر بار يېنىشىپتۇ!*
*ئەجداتلار روهى ئىشىك قاقتى يەنە،*
*قىساسنىڭ چاقماقلىرى چاقتى يەنە،*
*لالىدەك يالتىرلىغان قىزىل قانلار،*
*ئانا يەر تۇپرىغىدا ئاقتى يەنە!*
*بىكار كەتمەس ئۇ قانلار، بىكار كەتمەس،*
*بۇ دۇنيا ئېگىسى يوق جاهان ئەمەس.*
*شېھىتلارنىڭ قېنى ئاققان پاك زېمىندا،*
*قىزىلگۈللەر ئېچىلار، ئەتە پەيۋەس!*

# روهلارغا خىتاپ

ئەي، ئۇيغۇرۇم، شائىرلىرىڭ كۆپىقۇ سېنىڭ، داڭلىغان،
شېرىيەت ئاسمىنىدا يۇلتۇز بولۇپ پارلىغان.
كۈرەشلەردە ئايانماستىن پىدا قىلىپ جېنىنى،
باشقا قىلىچ چۈشكەندىمۇ هەقىقەتنى ياقلىغان!
شائىرلارنىڭ پېشىۋاسى ـ ئابدۇقادىر ئەزىزى،
بايراقدار بوپ خەلقىمىزنى مەرىپەتكە باشلىغان.
شۇ ئاتانىڭ ۋارىسى ـ ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئېرۇر،
ئەللىك ژىل زىندان ئىچىدە ياتسىمۇ هېچ يانمىغان!
يالقۇنتاغ پەرزەندى ئېردى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي،
قىلىچ بىلەن چاپقاندىمۇ «ئازاتلىق!» ـ دەپ توۋلىغان،
قۇتلۇق شەۋقى بىرلە تەۋپىق ئوت ژۈرەك ئەرلەر ئېدى.
ياۋۇز دۈشمەن ئوت قويۇپ ئۆلتۈرۈشتى بىئامان.
خۇددى چاقماقتەك چېقىپ ئۆتتى مۇتەللىپ شائىرىڭ،
جادۇدا توغرالسىمۇ دۈشمەنگە تەسلىم بولمىغان،
لۇتپۇللىنىڭ سەپدىشى ـ دوستى ئېدى بىلال ئەزىز،
بىللە يېنىپ، بىللە ئۆچتى، ژۈرىكى يالقۇنجىغان...
ئابدۇرېهىم ئەيسا ئېدى، سېنىڭ دەرتمەن بۇلبۇلۇڭ،
دۈشمەنگە سىر بەرمىدى، شەرەپ بىلەن بەردى جان!
ياۋ قولىدا ئىككى مەرتە شېهىت بولدى ئىم شېهىت،
ئامما، دۈشمەن ئالدىدا باش ئەگمىدى مەرت ئوغلان!
ئاشۇ مەرت ئوغلانلىرىڭ، هەقىقىي شائىرلار ئېدى،
هەم قەلەمدە هەم ئەلەمدە جەڭ قىلغان ساهىپ قىران.
ئېهى، ئۇيغۇرۇم نەگە كەتكەن، بۈگۈن شۇنداق مەرتلىرىڭ،
جان باقار بىچارە جانلار مەتبۇئاتنى ئورىدى.

ژۇرەكتە ئوت بولمىسىمۇ «ۋەتەن» نامىن ھەجىلەپ،
ئۆزلىرىچە ۋەتەنپەرۋەر شائىرلارنى دورىدى!
ـ «بۇ زېمىندا ئۇيغۇر ئەمەس، خەنسۇلار بولغان»ـ دېسە
جان باقار «ئالىم» لىرىڭ بۇ «كەشپىيات» نى قولىدى!
بەزىلىرى «تاڭ دەۋرىنىڭ سەنئىتى»دىن سۆز ئېچىپ،
ئۇيغۇرۇمنىڭ شان ـ شەرەپلىك تارىخىنى بۇلغىدى!
بىرسى: «ماۋزېدۇڭ سىشياڭ» دەپ يازسا ياۋنى مەدھىلەپ،
بىرسى: «ماۋزېدۇڭ سېپىدە تۇرغىنىم ئەبزەل!» ـ دېدى.
بىرسى چىقتى « ئۇلۇق خەنسۇ خەلقىگە» ـ مەدھى ئوقۇپ،
بىرسى: ـ «جۇڭخۇا ۋەتىنىم!» ـ دەپ ئۆزىچە چالۋاقىدى!
بىرسى: «ئۇيغۇرلار» كىتاۋىدىن تېپىشىپ «يۇز خاتا»
باسقۇنچىغا يان بېسىپ «بۆلگۈنچىلەر»نى قارغىدى!
بىرسى بىرسىدىن قىلىشماي، خائىنلىقتا بەسلىشىپ،
لالما ئىشتتەك قاترىشىپ، ھەممە ياقنى قاپلىدى.
شۇ يارىماس، نا ئەھىل «ئەۋلات» لىرىڭنىڭ دەستىدىن،
ئۇيغۇرستان، تا بۈگۈن زۇلۇم ئىلكىدىن قۇتىلالمىدى!
مەن تىلەيمەن: يەر يۈزىدە چىقسىدى كۈچلۈك بوران:
شۇ خائىنلار بارىنى دوزاق ئىچىگە ئاتسىدى!
ئاشۇ دوزاق ئوتلىرىدا ئۆرتىنىپ پۈتسە زۇلۇم،
ۋەتىنىمدە مەڭگۈ پاتماس سائادەت تاڭ ئاتسىدى.
ئەي، شېھىتلار روھلىرى، بۈگۈن كېلىپ زالىمنى بوغ،
زالىملارغا «خىزمەت» ئەتكەن لەنىتى خائىننى بوغ.
ۋەتەن سۆيگەن ئاتىلارنىڭ روھىغا ئاسىي بولۇپ،
ياۋغا مەدھىيە ئوقۇغان جان باقار «شائىر»نى بوغ!
خوجىسىغا ياقماق ئۈچۈن ئاقنى قارا ـ دەپ جۆيلىگەن،
ئىلمىنىڭ ئاسىيلىرى ـ بېنومۇس «ئالىم» نى بوغ!
كىرىۋېلىپ، ۋەتەنپەرۋەر جەڭچىلەرنىڭ سېپىگە،
ئارقىسىدىن پىچاق ئۇرغان قارا دىل قاتىلنى بوغ!
تەڭرىمىز قىلسۇن جاكا: پۈتكۈل خائىنلارغا ئۆلۈم:
سەنمۇ ئەي، جەبرىل كېلىپ، قەھرىڭ بىلەن ساتقۇننى بوغ!

1993 ـ ژىل.

## غېنى باتۇر

تۇيۇقسىزلا خەۋەر كەلدى: «غېنى باتۇر ئۆلدى!» ـ دەپ،
«ئۇيغۇرستان ئارسلانى قارا يەرگە كىردى!» ـ دەپ.
ئۇيغۇر ئېلى چىدالماستىن ئاھ ئۇرۇپ قىلدى خىتاپ:
«سېنىڭدەك بىر باتۇر ئوغلان قاچان تۇغىلار ئەندى؟» ـ دەپ.

ئاشۇ كۈنى تەڭرىتاغ ھەم ئەگدى مەغرۇر بېشىنى،
بۇلۇتلارمۇ ھازا ئېچىپ، تۆكتى ماتەم يېشىنى!
تۇنۇگۇنلا ئەخمەتجانغا ھازا تۇتقان خەلقىمىز ،
باتۇرىغا ماتەم تۇتۇپ، يەنە ئەگدى بېشىنى!

غېنى باتۇر ـ كۈرەشلەردە يېتىپ تۇرغان ئوت ئېدى،
ئەل ئۈچۈن جېنى تەسەددۇق، دۈشمەنلەرگە ئوق ئېدى.
قايتمىدى جەڭدە ئۆلۈمدىن، ئۆلۈمنى ھەم يەڭدى ئۇ،
ھەر كۈرەشتە غالبىيەتكە باشلىغان بىر تۇغ ئېدى!

ۋەتىنىمنى قاپلىغاندا قاپ ـ قاراڭغۇ زۇلۇمات،
تەڭرىتاغنىڭ بۈركۈتى چىققان ئىدى، قېقىپ قانات.
ئۇ كۆرەشلەر ئاسمىنىدا خۇددى چاقماقتەك چېقىپ،
بۇلۇتلار باغرىنى يېرىپ، كەلتۈردى پارلاق ھۆر ھايات!
قەھرىمان ئەرلەر كۆرەشتە قان تۆكۈپ، بەرگەندە جان،
ئۇيغۇرستان ئاسمىنىدا كۈن چىقىپ، ئاتقاندى تاڭ.
تاڭ نۇرىدىن يايرىغاندا خەلقىمىز ئازات بولۇپ،
بەختىمىزگە قەست قىلىشتى ئەجدىھا بىرلەن قاۋان!
يەنە زۇلۇم تېغى چۈشتى خەلقىمىزنىڭ بېشىغا،
كۆز يېشى زەھەر بولۇپ تامدى ئىچكەن ئېشىغا.
ئۆتكەن ئەسىر ئەجدادىمىز كۆچۈپ ماڭغان يول بىلەن،
يەنە كۆچ ـ كۆچ قىسمىتى چۈشتى ئېلىمنىڭ بېشىغا!
غېنى باتۇر كۆچۈپ ماڭدى ئەلگە كارۋان باش بولۇپ،
ھەم جۇدالىق ھەم ئەلەمدىن كۆزلىرىگە ياش تولۇپ.
نەگىمۇ بارار ئىدى، بىچارە ئۇيغۇر خەلقىمىز؟
ياندىكى قەرداشلىرى قارشى ئالمىسا قاياش بولۇپ!
كۆردى باتۇر، قازاقلارنىڭ «قازاقستان» ئېلى بار،
ئۆزبەك بىلەن قىرغىزنىڭمۇ ئۆز ۋەتەن، ئۆز يېرى بار.
ئېخ، بىچارە خەلقى ئۇنىڭ ھەممە يەردە بېۋەتەن،
شۇندا باتۇر ژۇرىگىدىن چىقتى ھەسرەتلىك نىدا:
ـ «ئەي، پەلەك، سەن نە ئۈچۈن بىزنى ئەلەمۋار ئەيلىدىڭ؟
ۋەتىنىمىز بار تۇرۇپ، چەتلەردە سەرسان ئەيلىدىڭ!
بىلمىدىم مەن: ئۇيغۇرۇمنىڭ نە گۇناھى بار ئېكەن؟
ھۆر ـ ئازات كۈنلەرگە بىزنى شۇنچىمۇ زار ئەيلىدىڭ!
ئۇيغۇرستان ئاسمىنىدا، يەنە چاقماق چاقسىدى،
جەبىر ـ زۇلۇم دۇنياسىغا يەنە ئوتلار ياقسىدى!
قالمىسا دۇنيادا ئەسلا ئېزىلىش، خورلۇق، زۇلۇم،
مېنىڭ مىسكىن ۋەتىنىمدە مەڭگۈلۈك تاڭ ئاتسىدى!
شۇ كۆرەشلەر ئاسمىنىدا يەنە بىر يانسام ئىدىم،
ئازاپ چەككەن ئۇيغۇرۇمنى قۇتقۇزۇپ ئالسام ئىدىم!
مەيدان ئارا تەگسە بىر ئوق، خۇددى يۇلتۇزدەك ئېقىپ،
ئانا تۇپراقنى قۇچاقلاپ مەڭگۈگە قالسام ئىدىم»!
دېدى باتۇر، كۈن چىقىشقا تىكىپ غەمكىن كۆزىنى،
دوستلىرىغا ئىزھار قىلىپ، ژۇرەكتىكى سۆزىنى.
تېخى ئۇنىڭ ژۇرىگىدە ئېيتار سۆزى كۆپ ئىدى،
كۆز ژۇمۇلدى،
تۈن پەردىسى ياپتى ئۇنىڭ يۈزىنى!
غېنى باتۇر مانا شۇنداق، قەلبى ئاتەش ئەر ئىدى،
ئۇ ئەجەلدىن ئۆلمىدى، ھەسرەت ئۇنى زەھەرلىدى!
«ئەلۋىدا!» ـ دەپ قالدى ژىغلاپ، مېھرىۋان خەلقى ئۇنىڭ،
باتۇر ئوغۇل بۇ ئالەمدىن ئۆتتى،
قايتىپ كەلمىدى!
ئۇ، كۆرەشتە مەڭگۇ غالىپ ئەر ئىدى، رۇستەم سۈپەت،
ئۇ پەلەككە ئالقىغان شۇڭقار ئىدى، تالماس قانات!
كىم ئېيتىپتۇ ئەپسانىنى: ـ غېنى باتۇر ئۆلدى! ـ دەپ،
ئۇ ئۆلمىدى،
ئۇ، خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۇ ھايات!
غېنى باتۇر، تىنچ ياتقىن، نەسلىڭ غازات ئېتەر،
سېنىڭ مىسكىن ۋەتىنىڭنى زۇلۇمدىن ئازات ئېتەر!
ئازات ئەلدە ياشىغۇسى بەختىيار ئەۋلاتلىرىڭ،
قەبرەڭگە گۈل قويۇپ، سېنىڭ روھىڭنى شات ئېتەر!
1993 ـ ژىل، سېنتەبىر، ئالمۇتا.

# تۆھمەتكە جاۋاپ

«بىز تارىخقا قارىساق، شىنجاڭ 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن ئىكەن. بەزىلەر ئۇنى «بۇرۇن مۇستەقىل دۆلەت بولغان. يەنە مۇستەقىل دۆلەت بولۇشى كېرەك!» ـ دەپ كاپىشۋاتىدۇ». ۋاڭ ئىنماۋ.

ھە، ئىستىقلال ئارزۇسىدا ياشىدىم مەن،
ئىستىقلال! ـ دەپ كۈرەشلەر باشلىدىم مەن.
ئۇيغۇرغا مۇستەقىللىق داۋا قىلىپ،
سېنىڭچە ئېيتقان چاغدا «كاپىشىدىم» مەن.
ياتسامۇ زىگىرمە يىل ئاۋاختاڭدا،
مەسلەككە ساداقىتىم ساقلىدىم مەن.
ياشلىقتا بەرگەن ئوتلۇق قەسەممنى،
بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلىپ ئاقلىدىم مەن!
تالاشمىدىم بېيجىن بىلەن تيەنجىنىڭنى،
تالاشمىدىم شاڭخەي بىلەن نەنجىنىڭنى.
مەن پەقەت تەلەپ قىلدىم، تەڭرىم بەرگەن،
ئۆزەمنىڭ ئۇيغۇرستان ۋەتىنىمنى!
ھە، مېنىڭ ئانا يۇرتۇم ـ ئۇيغۇرستان،
پەقەتلا ئۇيغۇرغا خاس بۇ گۈلىستان.
دۇنيانى ياراتقاندا تەڭرىم ئۆزى،
بۇ باغنى ئۇيغۇرغا دەپ بەنا قىلغان!
مۇقەددەس بىلىپ تەڭرىم بەرگەن يەرنى،
ئەجداتلار قان ـ تەر تۆكۈپ گۈللەندۈرگەن.
كېرەك چاغدا كۆكسىنى قالقان قىلىپ،
ياۋلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ كەلگەن!
ۋەتەننىڭ ھەر ـ بىر دۆڭگى، ھەر قىياسى،
ئەجداتلار تېنى بىلەن قوپۇرۇلغان.
ئۇنىڭ ھەر قارغىيى، ھەر گىياسى،
ئۇيغۇرنىڭ قېنى بىلەن سۇغۇرۇلغان!
شۇ ئەلدە ئۆتكەن مېنىڭ ئەجداتلىرىم،
شۇ ئەلدە پۈتۈلگەندۇر ئۆز تارىخىم.
شۇ ئەلدە ئۆمۈر سۈرۈپ ياشىدىم مەن،
شۇ ئەلدە ياشاپ قالار ئەۋلاتلىرىم!
شۇڭلاشقا ۋەتەن ماڭا مۇقەددەسدۇر،
ئۆلۈم ـ ئۆكاي، ۋەتەندىن كېچىش تەسدۇر.
ۋەتەن ئۈچۈن يانغان كۈرەشلەر مەيدانىدا،
بىر جەڭچى بوپ قالالىسام ماڭا بەسدۇر!
دېمەككى، ئۇ ئەزەلدىن ئۇيغۇر جايى،
ئۇيغۇرچە قويۇلغاندۇر ئۇنىڭ نامى.
خىتاينىڭ ئانىسىنىڭ ھەققى يوقدۇر،
دېسىما، ئۇنى «شىنجاڭ» ياكى «خامى»
«ئەزەلدىن جۇڭگۇنىڭ بىر قىسمىدى» ـ دەپ
ئېلىمگە يەنە بىر بار تۆھمەت قىپسەن.
ئۇيغۇرنىڭ ھازىر جاۋاپ شائىرىنى
مۇنازىرە مەيدانىغا چاقىرىپسەن.

* * *

دۆلەتنىڭ نېمىلىگىنى تېخى بىلمەي،
ئەجدادىڭ يادا بولۇپ ژۈرگەن چاغدا،
ئۇيغۇرنىڭ ئەجداتلىرى شەھەر قۇرۇپ،
مەئىشەت ئەتكەن ئېدى، تەڭرىتاغدا...
بەش مىڭ يىل، بۇندىن بۇرۇن ئەجداتلىرىم،
دۆلەت بولۇپ ياشىغىنى بار، تارىختا.
مەڭخوتاي، گۈلئەركىنلەر سۇلتان بولۇپ،
ئۆتكەندى، ئوردۇبالىق، بېشبالىقتا.
ئىككىنچى دۆلىتىمدۇر: «تېرىم ئېلى»
بۇ ئەلنىڭ سۇلتانىدۇر ـ قۇتلۇق خان.
ئۆلار تېكىن، شۇڭقار تېكىن دېگەن ئەرلەر،
جەڭلەردە سۇلتانىغا سادىق بولغان.
ئۈچىنچى دۆلىتىمدۇر: بۈيۈك توران،
شۆھرىتى بار ئالەمنى تاڭ قالدۇرغان.
ئىراننىڭ شاھلىرىنى باش ئەگدۈرۈپ،
دۇنيانى تىترەتكەن ئەرتۇڭاخان!
تۆرتىنچى بوۋام مېنىڭ ئوغۇز خاقان،
خىتاينىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ تۇرغان.
ھۇنلارنىڭ قىلىچىدىن ھەزەر ئەيلەپ،
چىن شىخۋاڭ سېپىل سوقۇپ مۆكۈۋالغان!
بەشىنچى بوۋام مېنىڭ بايانچۇرخان،
مونغۇلنىڭ دالاسىدا ئات ئويناتقان.
باستۇرۇپ ئۆكلۈك ـ سويگۇم ئىسيانىنى،
تاڭ شۋەنزۇڭ تەختىنى ساقلاپ قالغان!
تىبەتنىڭ سەرۋازلىرى ئوقيا ئېتىپ،
كەلگەندە پايتەختىڭگە ئالدى يېتىپ،
ئۇيغۇرمەن، دۆلىتىڭنى ساقلاپ قالغان،
باسقۇنچى ئەسكىرىنى تار ـ مار ئېتىپ!
ئالتىنچى دۆلىتىمدۇر ئۇيغۇر ئېلى،
«ئىدىقۇت» دەپ ئاتىغان تارىخ ئۇنى.
نى ئېغىر سىناقلارغا بەرداش بېرىپ،
ئۈچ مىڭ يىل ژىقىلمىغان ئۇنىڭ تۇغى!
يەتتىنچى بوۋام مېنىڭ سۇتۇق بۇغرا،
دۇنياغا داڭقى كەتكەن قاراخانلار.
تۆرت يۈز يىل تۇتۇپ دۆلەت بايرىقىنى،
قالدۇرغان مەڭگۈ ئۆلمەس شەرەپ ـ شانلار.
چىڭگىزخان بېسىۋېلىپ ۋەتىنىڭنى،
بەرگەندە سېنىڭ راسائەدۋىڭنى،
قايتۇرۇپ چىڭگىزنى ئۆز غەزىۋىدىن،
ئۇيغۇرمەن، ساقلاپ قالغان نەسلىڭنى.
بېشىڭغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن چاغدا،
خۋاڭدىلىرىڭ ئۇيغۇرغا يالۋۇرۇشقان.
ھەر قېتىم زور خەتەردىن قۇتۇلغاندا،
خوشامەت قىپ، قىزلىرىنى بېرىپ تۇرغان!

سەككىزىنچى دۆلىتىمدۇر سەئىدىيە،
دۇنياغا ئىلمۇ ـ سەنئەت نۇرىنى چاچقان،
سىيىدخان ھەيۋىسىنى كۆرگەن چاغدا،
چىگارا قىسمىلىرىڭ بەدەر قاچقان!
توققۇزىنچى دۆلىتىمدۇر يەتتىشەھەر،
بەدۆلەت ياقۇپ بېگىم قۇرغان ئۇنى،
ئون ئۈچ يىل ئۇيغۇرىستان ئاسمىنىدا،
لەپىلدەپ تۇرغان ئىدى ئەرىك تۇغى!
ئونىنچى دۆلىتىم ـ ئىلى سۇلتانلىقى،
ئالتە يىل ئەل سورىغان ـ ئەلاخان!
ئۇيغۇرغا تەڭ كېلەلمەي بوغدىخانىڭ،
ئورۇسنىڭ قولى بىلەن نابۇت قىلغان!
ئون بىرىنچى دۆلىتىمدۇر «جۇمھۇرىيەت»
باشلىغان غوجانىياز ـ ئۇلۇق سەردار.
قەشقەردە مۇستەقىللىق جاكا قىلغان،
مەمتىمىن بۇغرا، سابىت داموللاملار.
ئون ئىككىنچى «شەرقىي تۈركىستاندۇر»
ئېلىخان تۆرەم جاكا قىلغان ئەلگە.
رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىدۇر،
جىياڭ كەيشىنى مات قىلغان نەنجىنىگدە!
بىلىپ قوي، شۇ ئۇيغۇرنىڭ ئەۋلادى مەن،
تاغ كېسىپ، شەھەر سالغان پەرھادى مەن.
خىتاينىڭ خانلىرىنى باش ئەگدۈرگەن،
شۇ ئۇلۇق ئاتىلارنىڭ داۋامى مەن!
ئۇيغۇر مەن ـ كۆكسى قارىنىم كەڭ يارالغان،
دېگەنمەن: ھەممە خەلق تەڭ يارالغان.
ئۆزگىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈپ،
مەن ئۆزەم ئەركىنلىكتىن قۇرۇق قالغان!
ياخشىلىق قىلىپ ساڭا، كۆرمىڭ قېتىم،
راپاۋەت كۆرمىدىم مەن بىرمۇ قېتىم.
ۋاپاغا جاپا قىلىش ـ ئادىتىڭدۇر،
ئېلىمگە بېسىپ كەلدىڭ تالاي قېتىم!
بىرىنچى باسقۇنچى ئۇ ۋاڭ ماڭ ئىدى،
ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىگە بېسىپ كەلگەن.
ئەسكىرى قاراشەردە نابۇت بولۇپ،
قۇماندانى ئەسىر گە چۈشۈپ ئۆلگەن!
ئىككىنچى باسقۇنچى ئۇ گاۋ شيەنجىدۇر،
قان تۆكۈپ شەھەرلەرنى ۋەيران ئەتكەن.
ئايرىلىپ تالاستا كۆپ ئەسكىرىدىن،
جېنىنى ئېلىپ ئاران قېچىپ كەتكەن!
ئۈچىنچى باسقۇنچى ئۇ ـ جاۋ خۇي ئېرۇر،
قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن ئۇ ياش ـ قېرىنى.
بىر مىللىون ئۇيغۇرمنى شېھىت قىلىپ،
بېسىۋالغان بىپايان زېمىنىمنى!
تۆرتىنچى باسقۇنچى ئۇ ـ زوزۇڭتاڭدۇر،
ئايىماي ئۆچرىغاننى قىرىپ ماڭغان.
ئۆچۈرۈپ ئۇيغۇرىستان نامىمىزنى،
«شىنجاڭ» دېگەن ھاقارەت نامنى تاڭغان!
بەشىنچى باسقۇنچى ئۇ جىياڭ كەيشىدۇر،
كۆتىرىپ، كۆك بايرىقىنى كىرىپ كەلگەن.
خوشامەت قىلغانلارغا سوغات بېرىپ،
قارشىلىق قىلغانلارنى قىرىپ كەلگەن.
تارىختا ئەڭ ئاخىرقى باسقۇنچى ـ سەن،
ھىيلە بىلەن بېغىمغا كىرىۋالدىڭ.
يوشۇرۇپ باسقۇنچىلىق قىلمىشىڭنى،
«نىجاتچى» نىقاۋىنى كىيىۋالدىڭ!
تۈلكىدەك سەت ھېجىيىپ تۇرساڭمۇ سەن،
باسقۇنچى قىياپەڭنى يوشۇرماق تەس،
ئۇيغۇر بىلەن خىتاينىڭ ئارىسىدا،
ھېچقاچان دوستلۇق ـ مېھىر بولغان ئەمەس!
ئارىدا «مىللىي دوستلۇق» بولسا ئەگەر،
ئەل ساڭا نەپرەت بىلەن باقارمىدى؟
ئەركىنلىك تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرۇمنى،
ئەسكىرىڭ قاتار قويۇپ ئاتارمىدى؟
دېمەككى، مېنىڭ ئېلىم ـ ئۇيغۇرىستان،
ئەزەلدىن مۇستەقىل بوپ ياشاپ كەلگەن.
باسقۇنچىلار تىنجاۋۇز قىلغان چاغدا،
جان تىكىپ ئەركىنلىكىن قوغداپ كەلگەن!
خەلقىمنىڭ مەرتلىكىگە تارىخ گۇۋا،
ۋەتەنىنىڭ ھۆرلىكىنى قوغدايدىغان.
باسقۇنچى يەرنى بېسىپ ئالغان ، ئەمما،
ئۇيغۇرنىڭ ئىرادىسىنى باسالمىغان!
تەتۈرگە ئايلىنىپ بۇ چەرخى دەۋران،
ئۇيغۇرنىڭ ئىقبالىدىن ئۆچتى چولپان.
مەن بولدۇم ئۆز يېرىمدە مۇساپىر ـ قۇل،
سەن بولدۇڭ بۇندا كېلىپ زالىم خاقان!
يېرىمگە كېلىپ ئاۋال تۇرمە سالدىڭ،
«ئەركىنلىك!» ـ دېگەنلەرنى قولغا ئالدىڭ.
خەلقىمنى ئاتوم بىلەن نابۇت قىلىپ،
قوساقتىكى بالىنى يېرىۋالدىڭ!
ئۇيغۇرۇم ئۆز يېرىدە ھوقۇقسىز قۇل،
بالا ۋىتىم، ئەرلەر ئاختا، ئاياللار تۇل.
تۇگمەس غەزىنىنى دەسسەپ تۇرۇپ،
نان تىلەپ، ئۆتكەنلەرگە سوزىدۇ قول!
ياشىدىڭ قىرىق ئۈچ يىل ئەلنى سوراپ،
يەتتە باش يالماۋۇزدەك قاننى شوراپ،
تارىخنىڭ ئادالەتلىك سوتى ئالدىدا،
بېرىسەن قىلمىشىڭغا ئاخىر جاۋاپ!
بۇ جاھان ـ ئېگىسى يوق جاھان ئەمەس،
مەزلۇملار مەزلۇم بولۇپ قالىۋەرمەس.
«زالىملارغا زاۋاللىق مەنسۇپ!» ـ دېگەن،
تەڭرىنىڭ ئادالىتى بولماي قالماس!
بىزگىمۇ تاڭ ئاتىدۇ، بۇرۇن ئاتقان،
سايلاردا سۇ ئاقىدۇ، بۇرۇن ئاققان.
تارىخنىڭ ئەڭ ئاداققى ھۆكۈمى شۇ:
بولىدۇ چوقۇم ئازات ئۇيغۇرىستان!

1992 ـ يىل.

# تۇرغۇن ئالماسقا

«خىتاي مەتبۇئاتى - ئۇيغۇر تارىخچىسى تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتاۋىدىكى 100 خاتالىقنى تەنقىت ئاستىغا ئالماقتا».
گېزىت خەۋىرى.

سەن قەھرىمان، كۈرەشلەردە ئۆلۈمدىن قاچمايدىغان،
سەن بىر قىلىچ - تاشقا ئۇرسا پارچىلاپ تاشلايدىغان.
سەن ئۇيغۇرنىڭ ۋىجدانى سەن - بايلىق سېتىپ ئالالماس،
ئۆمۈر بويى ياۋۇزلارغا قاش - قاپاق ئاچمايدىغان!

سەن كۈرەشچى - ئۇيغۇرۇڭنىڭ شەنىنى قوغدايدىغان،
سەن قىران قۇش - ئوۋغا سالسا، ئالمايىن قويمايدىغان.
قانچە توھمەت قىلسا دۈشمەن، ئاڭا پىسەن قىلمىدىڭ،
سەن قارىغاي - ئۇرسا بوران باش ئېگىپ قويمايدىغان!

سەن بىر ئوغلان، ئۇيغۇرۇڭنىڭ بەختىنى ئويلايدىغان،
ئۆزىنىڭ ئەمەس، ئۆزگىلەرنىڭ دەردىدە ۋىغلايدىغان.
ئۇيغۇرنىڭ نومۇسىدىن پۈتكەن خۇرۇش ئالماس ئۆزەڭ،
ھەر قانچە قەست قىلسا دۈشمەن ئەسلا كار قىلمايدىغان!

### سەيپىدىن ئەزىزىگە مۇشائىرە

- «ئادەم - ئۇ ئاخىرى بىر ئوچۇم تۇپراق،
كەتتىمۇ، ئەبەتكە كەلمەيدۇ بىراق.
شۇ ئوچۇم تۇپراقتىن ئۈنەر قىزىلگۈل،
ۋە ياكى شۇم بۇيا ۋە ياكى يانتاق!».

- ئەسلىدە گۈل بولسا، ئۈنەر قىزىلگۈل،
ئەسلىدە خار بولسا، ئۈنىدۇ يانتاق.
ئەزەلدە كىم بولۇپ يارالغان بولساڭ،
ھاياتتا شۇ بولۇپ ئۆتسەن مۇتلاق!

ياخشىدىن ھەر قاچان ياخشى نام قالۇر،
ياماندىن قالىدۇ، لەنەتلىك ئاتاق.
ياشىساڭ، چىن ئىنسان بولۇپ ياشىغىن،
خائىن بوپ ياشىغان - ئۇ تىرىك دوزاق!

# بەزىبىر زىياللار

«چىرايىڭ سەت بولسا، ئەينەكتىن كۆرمە»
*خەلق ماقالى.*

- يازغۇچى مەن، ئالىم مەن، - دەپ، ئاتاق ئالغان زىيالى،
مىللى ۋىجدان، ئار - نومۇستىن قۇرۇق قالغان زىيالى!
ئىززىتىنى، بايلىق، شۆھرەت بىلەن شەخسى مەنپەئەت،
مەنسەپ بىلەن مەنپەئەتنىڭ قۇلى بولغان زىيالى!
سۆلتىنى ئات تارتالماس، كىبىرسى ئاندىن ئۇلۇق،
تىشى پال - پال، ئىچى غال - غال ئۆزى نادان زىيالى!
قەلبىدە دوستلۇق بىلەن سەممىيەتتىن يوق ئەسەر،
ئالدا ماختاپ، ئارقىسىدىن چالما ئاتقان زىيالى.
ئاغزىدا «ۋەتەنپەرۋەر» بولۇۋېلىپ سۆز ساتار،
غەيرىلەرگە «پالتا سېپى» بولۇۋالغان زىيالى!
خالىماس كۆرەش قىلىشنى، ئەل ئۈچۈن ئۆلۈشى ھەم،
بانا تېپىپ ئىنقىلاپتىن ژىراق قاچقان زىيالى!
مىللىتىنى خورلىسا ياۋ، بىر ئېغىز سۆز ئېيتمىغان،
- ۋەتەن سۆيدۇم! - دېگەنلىرى، بەرى يالغان، زىيالى!
ئاغزىدىن چۈشەرمەيدۇ، «ئىتتىپاق»نى «بىرلىك»نى،
ئىشلىگىنى يالا - بوھتان، ئارىنى بۇزغان زىيالى!
بۆلگۈنچىلىك دەستىدىن قولدىن بېرىلگەن ئەركىمىز،
بۇ تارىخىي ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قالغان زىيالى.
ئۇيغۇرىي دەر، تەنقىتىمگە رەنجىمسۇن باشقىلار،
كىمگە لايىق بولسا تەنقىت، ئۆزىگە ئايان، زىيالى!

1993 - ژىل، يانۋار.

# بىزار

ئۇيغۇرۇم كىمدىن بىزار، چەرخى دەۋراندىن بىزار،
ئەلگە زۇلۇم سالغۇچى، زالىم ھۆكۈمراندىن بىزار.
بىر ئەسىردىن بىرى خۇشال بولمىدى كۆڭلى ئۇنىڭ،
تۈگىمەس قايغۇ ـ ئەلەم، نالە ـ ئەپغاندىن بىزار.
ئۆزى ياتقا قۇل تۇرۇپ، خورلىغىنى تۇيمىغان،
نامى ئىنسان بولسىمۇ، روھانىي ھايۋاندىن بىزار.
تۆرت كىتاپ يېزىپ قويۇپ، ئۆزىنى دانا چاغلىغان،
ئاق ـ قارانى ئايرىماس، زىيالى ناداندىن بىزار.
«تەقىۋادار» بەش ناماز، «ھاجى ھەرەم» دەپ نامى بار،
قەلبىدە ئىمانى يوق يالغان مۇسۇلماندىن بىزار.
بىر ياماق بەرمەس ۋەتەنگە، كەيپ ـ ساپاغا جان ئاتار،
پۇلى بار، ۋىجدانى يوق نائەھلى ئىنساندىن بىزار.
تىنچ زاماندا «پو» ئېتىپ، ئاغزىدا شەر ئالار،
جەڭ دېسە بەدەر قاچار، يالغان قەھرىماندىن بىزار.
ئەي، ئۇيغۇرىي، شۇ كەبى نائەھلىلەردىن نېرى بول،
سۆزى بار، ئەمەلدە يوق قۇرۇق مەمەداندىن بىزار!
1993 ـ ژىل، ئىيۇن.

# چوقۇم ئازات بولىدۇ ۋەتەن!

ـ «خىتاي كۈچلۈك، ھېچقاچاندا پارچىلانمايدۇ،
ئۇيغۇرستان ھەم مۇستەقىل ئەل بولالمايدۇ.
سەنلەرنىڭ ئەل بولىمىز ـ دەپ ژۈرگىنىڭ بىكار،
ئۇيغۇرلىرىڭ خىتايلارغا تەڭ بولالمايدۇ!» ـ

دەپ. ئۆزىچە ئەۋلىيالىق قىلدى بىر ئاخماق،
باسقۇنچىنى خۇدا بىلىپ چوقۇنغان ئالچاق.
ئاڭلىغاندا غەزىۋىمدىن ئوتتەك لاۋۇلداپ،
مۇناپىققا بەردىم شۇنداق يالقۇنلۇق جاۋاپ:
ـ ياق، دۇنياغا خىتاي ئەمەس، تەڭرىم ھۆكمىران،
تەڭرىم كېپىل، چوقۇم ئازات بولىدۇ ۋەتەن!
نەزەر سالساڭ بۇ ئالەم بىر ئۆتكۈنچى دەۋران،
بەش كۈن «شىلتىڭ ئېتىپ» ئۆتكەن جىمكى سۇلتان.
نى قۇدرەتلىك خاقانلاردىن قالغان بۇ ئالەم،
خىتايدىنمۇ يەنە ئېشىپ قالار بىگۇمان!
بۇ دۇنياغا خىتاي ئەمەس، زامان ھۆكمىران،
ۋاختى كېلىپ، چوقۇم ئازات بولىدۇ ۋەتەن!
بىر چاغلاردا خەن ۋۇدىسى كەلگەنىغۇ بېسىپ،
بىر چاغلاردا تاڭ تەيزۇسى كەلگەنىغۇ بېسىپ،
ئاشۇ ياۋۇر ياتلاردىنمۇ قۇتۇلغانىغۇ بىز،
قىلىچ بىلەن ئەجدىھانىڭ قولىنى كېسىپ...
بۇ دۇنياغا خىتاي ئەمەس، كۈرەش ھۆكمىران،
كۈرەش قىلساق چوقۇم ئازات بولىدۇ ۋەتەن!
بىر چاغلاردا چىڭگىزخانمۇ باسقان بۇ ئەلنى،
بىر چاغلاردا بوغدىخانمۇ باسقان بۇ ئەلنى،
ۋاختى كېلىپ شۇلاردىنمۇ قۇتۇلغانىغۇ بىز،
ئازاتلىقنىڭ كۈرىشىگە چىڭ باغلاپ بەلنى.
بۇ دۇنياغا خىتاي ئەمەس، ئامەت ھۆكمىران،
ئامەت كېلىپ، چوقۇم ئازات بولىدۇ ۋەتەن!
ئامەت كەتتى، بىز خىتايغا قۇل بولۇپ قالدۇق،
ئەركىمىزدىن ئايرىلدۇق، مەھكۇم بوپ قالدۇق،
ۋالېكىن بۇ قۇل ھاياتقا باش ئەگمىدۇق بىز،
كۈرەش قىلىپ، نەچچە مەرتە ئازاتلىق ئالدۇق.
بۇ دۇنياغا خىتاي ئەمەس، خەلق ھۆكمىران،
خەلق كۈرەشسە، چوقۇم ئازات بولىدۇ ۋەتەن.
ئاز بولساقمۇ كۆپكە قارشى ئات سېلىشتۇق بىز،
يېڭىلمىدۇق ھەر سوقۇشتا يېڭىپ چىقتۇق بىز،
ئېھ، ئىشەنگەن دوستلىرىمىز خىيانەت قىلغاچ،
دۇنياغا كۆز ئاچماي تۇرۇپ تۇنجۇقۇشتۇق بىز.
بۇ دۇنياغا خىتاي ئەمەس، تارىخ ھۆكمىران،
تارىخ ھۆكمى: چوقۇم ئازات بولىدۇ ۋەتەن !
بۇ دۇنيا نىڭ سورايدىغان قازىسى باردۇر،
ئادىل ھۆكۈم قىلىدىغان قانۇنى باردۇر،
بىر چاغلاردا دۇنياغا داڭ كەتكەن ئۇيغۇرنىڭ،
گۈللەيدىغان يەنە باھار نەۋبىتى باردۇر!
بۇ دۇنياغا خىتاي ئەمەس، قانۇن ھۆكمىران،
قانۇن شۇكى: چوقۇم ئازات بولىدۇ ۋەتەن!
ئەي، ئۇيغۇرۇم، كۆزۈڭنى ئاچ، تاڭ ئېتىپ قالدى،
ھەققەمسايە ـ قەرداشلىرىڭ ئازاتلىق ئالدى.
ئاشۇ گۈزەل كېلەچەكنى تىزلەتمەك ئۈچۈن،
ئۇلۇق كارۋان ژۈكنى ئارتىپ يولغا ئاتلاندى!
تەغدىرىڭگە خىتاي ئەمەس، ئۆزەڭ ھۆكمىران،
كۈرەش قىلساڭ، چوقۇم ئازات بولىدۇ ۋەتەن!
1994 ـ ژىل، نويابىر.

# ئەلۋىدا، ئالىمجان

( ئالىمجان قاسىموۋ ۋاپاتىغا مەرسىيە )

ئەجەلنىڭ قىلىچى جان قىيىپ چۈشتى،
ژۈرەكتە ھارارەت ئۇتلىرى ئۆچتى.
مەشئەلدەك نۇر چېچىپ تۇرغان ھۇر ھايات،
بىر سوغۇق جەسەت بوپ، قەبرىگە كۆچتى!
بىلىمەن، پەلەكنىڭ ئادىتى شۇنداق،
يامانغا ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۆرۈم.
دۇنيادا ياخشىلار شۇنچە ئاز تۇرسا،
نە ئۈچۈن ياخشىنى ئالىدۇ ئۆلۈم؟
ئالىمجان، پارلىغان چىراق ئىدىڭ سەن،
ھاياتتا بىر قېتىم يېنىپلا ئۆچتۈڭ.
شۇم ئەجەل شاملى ئۆچەردى سېنى،
بۇ پانىي دۇنيادىن باقىغا كۆچتۈڭ!
كەچۈرگىن ئالىمجان ھاياتتا سېنى،
تۆھمەتلەر ئوقىدىن ساقلىيالمىدۇق.
تېكىلىپ كەلگەندە بېشىڭغا ئەجەل،
ئارا بوپ ئۆلۈمدىن ئەپ قالالمىدۇق!
نە ئۈچۈن ھاياتتىن ئەرتە كەتتىڭ سەن،
بۇ تەكسىز دۇنيانىي كۆرمەي دېدىڭمۇ؟
ئۇيغۇرنىڭ بەختىگە قارشى ئوق ئاتقان،
ئاسىيلارنىڭ ئارىسىدا ژۈرمەي دېدىڭمۇ؟
خەلقىڭگە قىلىنغان زۇلۇم، ھاقارەت،
ياكى ھار كەلدىمۇ پاك ۋىجدانىڭغا؟
ۋە ياكى خائىنلار قىلمىشلىرىدىن،
ئەرىز ئېتاي دېدىڭمۇ، ھەق سۇلتانىڭغا!
كۈرەشچان يولۇڭنى توسىدى زالىم،
ئۈستۈڭدىن تۆھمەتلەر توقىدى خائىن.
شۇلارغا دېگەن بىر ئوتلۇق نەپرەتتىن،
ژۈرىگىڭ بومبا بوپ يېرىلدى تايىن!
ئىشەنگىم كەلمەيدۇ ۋاپاتىڭغا مەن،
تىلىممۇ بارمايدۇ «ئۆلدى!» دېگىلى.
كۈرەشنىڭ جۇشقۇنلۇق قايناملىرىدا،
ھەر قاچان بىلىلدەك سېزىمىز سېنى!
بىلىمەن، كۆرەلمەس قەست دۈشمەنلىرىڭ،
ئىچىدىن خۇش بولۇپ كۈلگەندۇ، بەلكى.
خەلقىڭنىڭ نەزىرىدە، سەن بۈيۈك ئىنسان،
خائىنلار سېنى ئۆچ كۆرگەن تۈپەيلى!
ھە، شۇنداق، ھەقىقىي ئىنسان ئىدىڭ سەن،
شۇڭلاشقا كۆپ بولدى كۆرەلمەسلىرىڭ.

بىراقتا، ئانا يۇرت ياخشى بىلىدۇ
باتۇرلار كۈشەندىسىز ئۆتەلمەسلىكىن!
رەسۇلدەك قەھرىمان ئوغلانىنى تاپقان،
ئىپتىخار قىلىشقا لايىق ئاتا ـ سەن.
ئىزگۈلۈك، مەرتلىكنىڭ تىمسالى بولۇپ،
ھازىرمۇ قەبرىدە مەغرۇر ياتىسەن!
ھاياتتا ئاز ئۆمۈر ياشىدىڭ ئەمما،
بۈركۈتتەك بۈلۈتنى يېرىپ ياشىدىڭ.
ئۇيغۇرنىڭ بەختىگە قارشى ئۇق ئاتقان،
خائىننىڭ دەككىسىنى بېرىپ ياشىدىڭ!
خوشامەت قىلمىدىڭ تەتۈر زامانغا،
ھەقىقەت كۆزىگە تىك قاراپ ئۆتتۈڭ.
كۈرەشچان ئۆمرۈڭنىڭ بىر دەقىقىسى،
ئەلادۇر، قۇزغۇندەك يۈز ژىل ئۆمۈردىن.
ئالىم دېسە، ھەقىقىي ئالىم ئىدىڭ سەن،
دەۋرنىڭ ئېقىمىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن.
تەغدىرنىڭ قاراڭغۇ تۈنلىرى ئۆتۈپ،
يورۇق تاڭ ئېتىشىغا قاتتىق ئىشەنگەن!
ۋەتەننىڭ ئىشقىنى ژۈرەككە تېگىپ،
كۈرەشلەر قاينىمىغا ئۆزەڭنى ئاتتىڭ.
كۆرەلمەي ۋەتەننىڭ ئازاتلىقىنى،
ئاھ، ئىست، ئالىمجان، ئارماندا كەتتىڭ!
ئالىمجان، پارلىغان چولپان ئىدىڭ سەن،
بىر ئۆمۈر مۇھەببەت ئوتىدا ياندىڭ.
تەبەسسۇم كەتمەس خۇش چىرايىڭ بىلەن،
خەلقىڭنىڭ قەلبىدە نۇر بولۇپ قالدىڭ!
ھاياتتا ئاقىللار ئاز ئەمەس، ئەمما،
بىلمەيدۇ سېنىڭدەك جەڭ قىلىپ ئۆتۈشنى.
سېنىڭدىن ئۆگەنسۇن زامانداشلىرىڭ،
ياشاشنى، كۈرەشنى، ئىجات قىلىشنى...
ھاياتتا، قۇرۇق سۆز «باتۇرلار» تولا،
ئۇلارنىڭ قەلبىدە تېپىلماس ھىممەت.
خەلقنى رازىمەن قىلالماي تۇرۇپ،
ئادەم مەن ـ دېگەننىڭ نېمىسى قىممەت؟
ئىشىنىمەن، ئەتىلا تاڭلار ئاتىدۇ،
ۋەتىنىڭ بولىدۇ چوقۇم ھۇر ـ ئازات!
كۈرەشچان ئاتىلارنى ئەسكە ئالغاندا،
سېنىڭمۇ نامىڭنى ياد ئېتىدۇ ـ ئەۋلات.

1995 ـ ژىل، 18 ـ نويابر.

## خېلىل ھەمرا ھەققىدە

خېلىل ھەمرا ئاتەش نەپەس غەزەلخان ئىدى،
شېرىيەت كۆكىدىكى بىر چولپان ئىدى.
خېلىل ھەمرا، مەسىمجان، سابىت ئۇيغۇرىي
بىر ئۇگىدىن ئۇچۇم بولغان ئۈچ قىران ئىدى!

بۈگۈن دوستۇم ھاياتىنىڭ چىرىغى ئۆچتى،
شېرىيەت ئاسمانىنىڭ يۇلتۇزى كۆچتى.
ئاتەش نەپەس غەزەلخاندىن ئايرىلىپ قالدۇق،
كۆڭۈللەرگە مۇسىبەتنىڭ مۇزى كېپ چۈشتى!

شائىر قەلبى كۆيۈپ پۈتتى، كۆللىرى قالدى،
ئەل قەلبىگە تېرىپ قويغان گۈللىرى قالدى.
شائىر كەتتى تاغ كەينىگە مۆككەن ئاي بولۇپ،
ئارقىسىدا يورۇق ئىز بوپ نۇرلىرى قالدى.

بىلىڭ دوستلار، بۇ دۇنيادا شائىر ئۆلمەيدۇ،
ئەللەر كىرگەن تار لەھەتكە شائىر كىرمەيدۇ.
تىرىك چاغدا قەدىرلەڭ، ئاسراڭ ئۇنى،
ئۇچۇپ كەتكەن جان قۇشى قايتىپ كەلمەيدۇ!

1994 ـ ژىل.

## ئۇيغۇرۇمغا

ئەي، ئۇيغۇرۇم، تارىخىڭدا شانلىرىڭ كۆپدۇر سېنىڭ،
ھۆر ـ ئازادە ياشىغان دەۋرانلىرىڭ كۆپدۇر سېنىڭ.
ئۇيغۇرستان، يەر يۈزىگە داڭقى كەتكەن ئەل ئىدىڭ،
ياۋنى تىترەتكەن ئۇلۇق سۇلتانلىرىڭ كۆپدۇر سېنىڭ.
ئىلمۇ ھېكمەت بابىدا ئالەمگە پىر ـ ئۇستاز ئىدىڭ،
ئەل فارابى، قەشقەرىدەك ئىرپانلىرىڭ كۆپدۇر سېنىڭ.
نەزمۇ ـ چەشمەت بايلىغىڭ دۇنيانى مەپتۇن ئەيلىگەن،
نەۋايى، نىزارىدەك چولپانلىرىڭ كۆپدۇر سېنىڭ.
ۋەتىنىڭ جەننەتكە ئوخشار، بايلىغىڭ ئاندىن تولا،
بايلىغىڭغا كۆز ئالايتقان ياۋلىرىڭ كۆپدۇر سېنىڭ.
ئوت ياغدۇرۇپ كەلسە دۈشمەن كۆكسىنى قالقان قىلىپ،
يۇرتىنى قوغدايدىغان ئوغلانلىرىڭ كۆپدۇر سېنىڭ.
ئەي، ئۇيغۇرۇم، ئوت ژۈرەك ئوغلانلىرىڭغۇ ئاز ئەمەس،
شۇندىمۇ ياۋغا سېتىلغان خائىنىڭ نېمانچە كۆپ؟!
خائىنلارنىڭ دەستىدە قولدىن بېرىلگەن ئەركىمىز،
ياتقا قۇل، مەھكۇم بولۇپ ياتقانلىرىڭ نېمانچە كۆپ؟
كۆز يېشىڭدىن بولدى پەيدا، ئىلى، تارىم ئۆركىشى،
ئېرىسا پۈتمەيدىغان مۇز تاغلىرىڭ نېمانچە كۆپ؟
ۋەتەن ئۈچۈن جاندىن كېچىپ ئوتقا كىرسە مەرتلىرىڭ،
ئارقىسىدىن نەيزە ئۇرغان پاسقىڭ نېمانچە كۆپ؟
ئويلىماس مىللەت غېمىنى، ئاڭلىماس ئەل زارىنى،
ئۆز غېمىن ئويلايدىغان ئەرباپلىرىڭ نېمانچە كۆپ؟
ۋەتەن ئۈچۈن جان قىيىپ جەڭگە كىرىشنى خالىماس،
«ۋەتىنىم» دەپ شېئىر يازغان شائىرىڭ نېمانچە كۆپ؟
بايلىقىغا مەز بولۇپ، ئۆزىنى سولتان چاغلىغان،
خەلقىنى كۆرمەس نادان بايلىرىڭ نېمانچە كۆپ؟
شۇ يارىماس ئەۋلاتلىرىڭ دەستىدىن باغرىڭ يارا،
ژۈرىگىڭدە ئادا بولماس داغلىرىڭ نېمانچە كۆپ؟
ئاتتى تاڭ، چىقتى قۇياش، ئويغاندى، دۇنيا ئەللىرى،
ئاتسا تاڭ تۇرمايدىغان غاپىللىرىڭ نېمانچە كۆپ؟
ئۇيغۇرۇم، مۇڭلانمىغىن، ئازات بولۇرسەن ئەتىلا،
ئەتىنى كۆرمەيدىغان ئەمالىرىڭ نېمانچە كۆپ؟

1995 ـ ژىل. ماي.

# شائىر ھەققىدە غەزەل

**( ئا. ئۆتكۈرگە )**

سەن بۈيۈك ئىنسان ئىدىڭ ـ تەرىپكە تىل يەتمەيدىغان،
بىز سېنى مۇختەر بىلەن ئايىپكىكە ھەم تەڭلەيدىغان.
ئۇيغۇرنىڭ بەختىگە تۇققان ساھىبى تالانت ئىدىڭ،
ئامما، توستى يوللىرىڭنى بىۋاپا تەتۈر زامان!
بار ئىدى قەلبىڭدە زور ئىشقى ـ مۇھەببەت يالقۇنى،
ساپ ـ تازا ۋىجدان بىلەن خەلقىڭنى سۆيدۈڭ دايىمان.
نۇرغا تەشنا خەلقىمىزگە، سەن كەبى مەردان كېرەك،
ئىلمى دەريا ئالىم ئىدىڭ، ئاتەش نەپەس غەزەلخان.
سۇبھى تاڭ ۋەسلىنى ئىزدەپ، ئۆتتى ئۆمۈر كارۋىنىڭ،
ئىزلىرىڭ قالدى ۋەتەن تۇپراغىدا ئۆچمەيدىغان!
ئىزلىرىڭدىن يول تېپىپ ژۇرمەكتە ئەۋلادىڭ بۈگۈن،
يەتكىچە مەنزىلگە تاكى توختىماس بۇ كارۋان!
ئىلى، تارىم سۇلىرى ئاقماقتا ئەينە تولغىنىپ،
ئۇ چايقىلىپ تاشقۇسى ئۇرغاندا غەززەپلىك بوران!
كۈن چىقىپ تاڭ ئاتقۇسى، مىسكىن ۋەتەندە ئەتىلا،
شۇندا ئەۋلادىڭ بىلەن روھىڭ كۈلەر بوپ شادىمان!
ئەلۋىدا، ئەي، شائىرىم، سېنى ئۇنۇتماس ئۇيغۇرۇڭ،
خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە، مەڭگۈ ياشايسەن، قەھرىمان!

---

«خوتەن ۋىلايىتى قارىقاش ناھىيەسىدە، پارتىيەنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ياخشى ئەمەللەشتى. ئۆتكەن بىر ژىل ئىچىدە 12500 ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بوۋاقلار چۇشۇرۋېتىلدى ۋە ئېلىپ تاشلاندى!»
گېزىت خەۋىرى.

# بوۋاقلار ئۆلدى!

بوۋاق ئۆلدى، مىللىون ـ مىللىون ئىنسانلار ئۆلدى!
باتۇر ئوغلان، سۇمباتلىق قىز ـ جۇۋانلار ئۆلدى!
ئۇيغۇرۇمنىڭ بولغۇسى شەرەپ ـ شانلىرى،
سۇلتان ساتۇق، بوغراخانۇ ـ ئارسلانلار ئۆلدى!
باسقۇنچىنىڭ ھەيۋىسىگە پەشۋا ئورغىدەك،
غوجىنىياز، غېنى، سادىر پالۋانلار ئۆلدى!
جەڭ چېغىدا ئەرەنلەردىن قېلىشمايدىغان،
ئىپارخانۇ، مايىمخان ۋە رىزۋانلار ئۆلدى!
قۇياش بولۇپ بار ئالەمگە نۇرىن چاچقۇسى،
يۈزلەپ مەھمۇد، ئۇلۇغبېك ۋە لۇقمانلار ئۆلدى!
شېرىيەت ئاسمىنىدا يۇلتۇز بولغۇسى،
مىڭلاپ بابۇر، ئابدۇرېھىم، گۇمنامىلار ئۆلدى!
ھۈنەر ـ سەنئەت ئالىمىنىڭ نۇر چولپانلىرى،
روزى تەمبىر، جامى، پاشا ئىشانلار ئۆلدى!
ئەي، ئۆزىنى «ئىنسانپەرۋەر» ـ دەپ ئاتىغانلار،
كۆرمىدىڭمۇ، كۆز ئاچمىغان پاك جانلار ئۆلدى!
قەيەردىسەن، ئەي دۇنيانىڭ قازىسى ئاللاھ،
ئۇيغۇر ئاتلىق ئوتتۇز مىللىون ئىنسانلار ئۆلدى!

1995 ـ ژىل.

# ئۇيغۇرۇم

بۇ ئالەمدە بارسەن، ئۇيغۇرۇم،
شەرەپلەرگە يارسەن، ئۇيغۇرۇم.
تەغدىرىڭنىڭ ئېغىر ژۈكىنى،
كۆتەرگەن بىر نارسەن، ئۇيغۇرۇم،
ئۆز دۆلىتىڭ، ئېلىڭ بولمىغاچ،
نەگە بارساڭ خارسەن، ئۇيغۇرۇم،
ئۆزەڭ چەكسىز ئوكيان تۇرۇپ،
تامچە سۇغا زارسەن، ئۇيغۇرۇم.
كۈرەشلەردە مەردان ئۇيغۇرۇم،
ياۋنى سۈرۈپ ماڭغان ئۇيغۇرۇم.
دۈشمىنىنى «دوست» دەپ ئىشىنىپ،
يەنە ئالدىنىپ قالغان ئۇيغۇرۇم،
شۇندىن بېرى ژۈرىسەن سەرسان،
ھەممە يەردە بىۋەتەن ئىنسان،
ئېشىڭ پۈتۈن كۆرۈنگەن بىلەن،
ژۈرەك ـ باغرىڭ ۋەيران، ئۇيغۇرۇم،
ئۆز يېرىڭدە قۇل سەن، ئۇيغۇرۇم،
چەتتە مۇساپىرسەن، ئۇيغۇرۇم.
يەر يۈزىگە چېچىلىپ كەتكەن،

يۇلتۇز كەبى نۇرسەن، ئۇيغۇرۇم،
بالقىپ چىققان ئاي سەن، ئۇيغۇرۇم،
تالانتلارغا باي سەن، ئۇيغۇرۇم،
تالانتلىرىڭ تاراجغا كەتتى،
ئېيتالمىدىڭ ھەي، سەن ئۇيغۇرۇم.
قوساق تويسا «پادىشا بولدۇم» دەپ،
ماختاپ قويسا «بەرنا بولدۇم» دەپ،
خورلانسىمۇ ياتلار ئالدىدا،
ھار ئالمىغان نادان، ئۇيغۇرۇم!
ھوقۇقسىز بوپ ئۆتكەن ئۇيغۇرۇم،
كۆز ياشىنى تۆككەن، ئۇيغۇرۇم،
بۇ دۇنيادا ئۆزى بار تۇرۇپ،
نام ـ نىشانى ژۈتكەن ئۇيغۇرۇم،
بىرسى ئېيتتى: سېنى «تۈرك» ـ دەپ،
بىرسى ئېيتتى: «جۇڭخۇا مىنزۇ» ـ دەپ،
ھەركىم قويدى ساڭا ھەر لەقەپ،
ئۆز نامىڭدا ساقلان، ئۇيغۇرۇم!
بارچە مىللەت تۇرۇپ قاتارغا،
ئۆزىن جاكا قىلدى جاھانغا.

پەقەت بىرلا سېنىڭ نامىڭ يوق،
بولۇڭلاردا قالغان، ئۇيغۇرۇم!
ئەركىنلىكنى خىيما كىلىنگەن،
ناخشا ـ قوشاق قىلىپ كۈيلىگەن،
ئىنتىلگەنمۇ ـ ئېرىشەلمىگەن،
قەلبى تولا ئارمان، ئۇيغۇرۇم!
ئىنتىلساڭمۇ، ئارزۇ قىلساڭمۇ،
ئېچىلمىدى ئىقبالىڭ سېنىڭ،
يا، كارژمىدى، تەغدىر قىسمىتىڭ،
بەختى قارا، نالان ئۇيغۇرۇم!
تەغدىرىڭنى ئويلاپ تۈن ـ كېچە،
كۆڭلۈم مىسكىن، ژۈرىكىم زىدە،
سەنمۇ بىر كۈن ئالەم ئىچىدە،
كۈلەرسەنمۇ، شادان، ئۇيغۇرۇم،
ئەجرى قىلماي، ھالاۋەت يوقتۇر،
كۈرەش قىلماي، سائادەت يوقتۇر،
كۈرەش قىلساڭ ئويۇل مۇش بولۇپ،
ئىستىقبالىڭ ئەپشان، ئۇيغۇرۇم!

# ئۇيغۇرۇمغا

مىڭ ژىل بويى بىز مۇسۇلمان بولۇپ كەلدۇق،
مەككىلەرنى ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلدۇق.
ھېچ راپاۋەت كۆرمىدۇق دىن قېرىنداشتىن،
شۇنداقتىمۇ يەنە ئۈمىت قىلىپ كەلدۇق!

مىڭ ژىل بويى تۈركىي خەلق بولۇپ كەلدۇق،
تۈركىيلەرگە دوستلۇق قانات يېيىپ كەلدۇق.
ھېچ راپاۋەت كۆرمىدۇق قان قېرىنداشتىن،
شۇنداقتىمۇ يەنە ئۈمىت قىلىپ كەلدۇق!

يەتمىش بەش ژىل بىز كوممۇنىست بولۇپ كەلدۇق،
بېجىن بىلەن موسكۋادىن نىجات كۈتتۇق؟!
بېشىمىزغا قارا كۈنلەر چۈشكەن چاغدا،
رەقىپلەرگە ئالدانغاننى بىراق بىلدۇق!

ئۇيغۇرۇم، تارىخىڭغا بىر نەزەر سال،
ئاشۇ ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئال.
ياتلاردىن كۈتمە ھەرگىز ياخشىلىقنى،
ئۆزەڭنىڭ تەغدىرىڭنى قولۇڭغا ئال!

# ئۇيغۇرۇم

ئۆز ئېلىدە قۇل بوپ ئۆمۈر سۈرگەن ئۇيغۇر،
چەت ئەللەردە مۇساپىر بوپ ژۈرگەن ئۇيغۇر،
ۋەتىنى بار تۇرۇغلۇق ۋەتەنسىز بوپ،
دۇنيانىڭ ئازاۋىنى كۆرگەن ئۇيغۇر!
دەرت قالدىمۇ بۇ دۇنيادا سەن تارتمىغان؟
غەم قالدىمۇ خىياللاردا سەن پاتمىغان؟
پىشانەڭ سېنىڭ شۇنچە شورلۇقمىدى،
ئۆزگىگە ئاتقان تاڭلار ساڭا ئاتمىغان!؟
ئۇيغۇرۇم دەردىڭ مىڭ خىل، داۋاسى بىر،
ئۇ پەقەت، مۇستەقىللىق ـ دېگەن تەقدىر،

قولۇڭدا شۇ تەنگۇشتەر بولمىسا گەر،
ياتلارغا خار بولغىنىڭ بولغان، ئاخىر!
ئەركىنلىك ـ ئۇ ئىنساننىڭ بەختى ئېرور،
ئەركىنلىك ـ ئۇ ئىنساننىڭ تەختى ئېرور،
تاڭ ئاتتى، ئۆزگە ئەللەر ئالغا كەتتى،
ساڭمۇ ئويغىنىشنىڭ ۋاختى ئېرور،
دوستلىرىم، ئېلىش ئۈچۈن شانىمىزنى،
كۈرەشكە بېغىشلايلى، بارىمىزنى،
كۈرەشنىڭ يالقۇنجىغان ئوتلىرىدا،
ئاقلايلى «ئۇيغۇر» دېگەن نامىمىزنى!
1996 ـ ژىل.

# مەنپەئەت

ئادالەتنى ئوتقا ئاتقان مەنپەئەت،
پاك نومۇسنى پۇلغا ساتقان مەنپەئەت.
ئاسىيلارغا بېرىپ ئالىي مۇكاپات،
ياخشىلارنى سۇتقا تارتقان مەنپەئەت!
يالقۇن بولۇپ بار جاھاننى كۆيدۈرگەن،
ئەخمەتجان ھەم ئابباسوۋنى ئۆلتۈرگەن.
«پەرىشتە» دەپ ئالۋاستىنى سۆيدۈرگەن،
ھەر بەلاغا باشلىغان شۇ مەنپەئەت.
سەيپىدىننى خائىنلىققا باشلىغان،
خەلقىمىزنىڭ كۆزلىرىنى ياشلىغان،
بار تاپقىنى «جوشى»لىقتىن ئاشمىغان،
خىيانەتنىڭ پېشۋاسى ـ مەنپەئەت!
لۇتپۇللىنى قىلىچ بىلەن چاپقۇزغان،
رەخمانوۋنى مەيدانلاردا ئاتقۇزغان،
ئازاتلىقنىڭ قۇياشىنى پاتقۇزغان،
ھەممىسىنى قىلغان ئاشۇ مەنپەئەت!
ھەق سۆز قىلغان كىشى ئاگا ياقمىغان،
تار كوڭلىگە بىر ھەقىقەت پاتمىغان.
قاتىللىقتىن قولىنى ھەم تارتمىغان،
ۋىجدانى يوق، ۋەھشى ھايۋان مەنپەئەت!
ۋىجدان بولسا، ئۆز خەلقىنى ساتامدۇ؟
باتۇرلارغا تۆھمەت ئوقى ئاتامدۇ؟
ئاسىيلارنى يۆلەپ تەختكە چىقىرىپ،
ئىنقىلابچى زىندانلاردا ياتامدۇ؟
خۇسۇمەتنىڭ ئوتىنى يېقىپ ژۇرەككە،
بىر ئۇيغۇرنى بۆلۈپ نەچچە بۆلەككە،
ژىغدۇرمىغان بار كۈچنى بىر بىلەككە،
ئارىمىزغا پىتنە سالغان مەنپەئەت.
ئادەمچىلىك ئار ـ نومۇسنى يوقاتقان،
ئەجداتلارنىڭ روھىغا ھەم ئوق ئاتقان،
ۋاھىدىيغا قانلىق قولىنى ئۇزاتقان.
قاتىللىقتىن قول تارتمىغان مەنپەئەت!
مەنپەئەت ئۇ ـ ياۋنىڭ سېخى ئالقىنى،
مەنپەئەت ئۇ ـ خائىنلارنىڭ قالقىنى،
مەنپەئەت ئۇ ـ دوزاقنىڭ ئوت يالقۇنى،
يول ئازدۇرغان نەپسى شەيتان مەنپەئەت!
ئاشۇ شەيتان ھەر يوللارغا باشلايدۇ،
مەنپەئەتپەرەس جىنايەتتىن قاچمايدۇ،
ئەقىل ـ ۋىجدان تىزگىنىنى تارتمىسا،
نەپسى بەلا دوزاققىمۇ تاشلايدۇ.
بۇ دۇنيادا باركى مىللىي مەنپەئەت،
كېچەلمەيدۇ ئۇنىڭدىن ھېچ مىللىيەت.
شۇنداقتىمۇ ئۆزگىلەرنىڭ بەختىگە،
زامىن بولماس كېرەككۇ شۇ مەنپەئەت!

1996 ـ ژىل.

# خىتاپ

«غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇر ياشلىرى مىللىي ۋە ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىپ كوچىلارغا چىقىشتى. خىتاي ساقچىلىرى ياشلارنى ئوققا تۇتتى ۋە قىردى. 200 دىن ئوشۇق كىشى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. يارىدار بولغانلار 700 گە يېتىدۇ»

رادىئو خەۋىرى.

*ئەينە، ئازاتلىق يولىدا جەڭ قىلماقتا ئوغلانلار،*
*ئانا ۋەتەن تۇپرىقىدا تۆكۈلمەكتە ساپ قانلار.*
*قىساس ۋولقانلىرى پارتلاپ تەۋرىمەكتە يالقۇنتاغ،*
*غەززەپ بىلەن قىرغاققا ئۇرۇپ ئاقماقتا دەريالار!*

*ئاپىرىن، ئەي، ئەرلىك ئۈچۈن ئوتقا كىرگەن قەھرىمان،*
*ئاپىرىن، ئەي، مەرتلەر ئېلى: ئىلى، قەشقەر ۋە تۇرپان.*
*ئەي، يارىدار شىرلار ئوخشاش ھۆكىرىگەن تەڭرىتاغ،*
*ئەي، قىزىل قانغا بويالغان مەجروھ ئۇيغۇرىستان!*

*قاچانغىچە ياۋ قولىدا مەھكۇم بولۇپ ياتىسەن؟*
*قاچانغىچە زورلۇق ـ زۇلۇم ئازاۋىنى تارتىسەن؟*
*بۇ دۇنيادا سېنىڭدەك خور، بىداۋا، بىچارە يوق،*
*قاچانغىچە بۇ دەرتلەردىن قان ـ ياش بولۇپ ئاقىسەن؟*

*ئەجداتلىرىڭ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆتكەن ئىدى.*
*ئاتىلار ھەم ئەرك ئۈچۈن مەيداندا قان كەچكەن ئىدى!*
*ئەندى نۆۋەت سىزگە كېلىپ جەڭ قىلىپسىز، باللىرىم،*
*روھىڭىزغا مىڭ تەسەددۇق، ئەي ۋەتەن ئوغلانلىرى!*

*قىساس ئېلىڭ، ناھەق ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر ھەققى،*
*قىساس ئېلىڭ، تىرىك تۇرۇپ يەرگە كۆمۈلگەنلەر ھەققى.*
*قىساس ئېلىڭ، تۈرمىلەردە قىيناپ ئۆلگەن ئوغۇللار،*
*پاك نومۇسى خورلانغان مەسۇم سىڭىللار ھەققى!*

*توك سىم بىلەن كۆيدۈرۈلۈپ، ئۆلگەنلەرنى ئۇنۇتماڭ،*
*سوغ سۇ چېچىپ توڭلىتىلىپ ئۆلگەنلەرنى ئۇنۇتماڭ!*
*ئىشتىلىرىغا تالىتىلىپ ئۆلگەنلەرنى ئۇنۇتماڭ،*
*ئېسىپ قويۇپ، نەيزە سانجىپ ئۆلگەنلەرنى ئۇنۇتماڭ!*

*بېكار كەتمەس، بېكار كەتمەس، سىز بەرگەن بۇ قۇربانلار،*
*بېكار كەتمەس ئەرك ئۈچۈن تۆكۈلگەن قىزىل قانلار.*
*شېھىتلارنىڭ قېنى ئاققان موشۇ قۇتلۇق زېمىندا،*
*قۇياش چىقىپ ئەتىلا، سائادەتلىك تاڭ ئاتار!*

*ئەي، ئۇيغۇرۇم، تارىخ بىزگە ئۆگەتكەن ھەقىقەت شول:*
*ئازات كۈنلەر پەقەتلا جەڭ قىلىش بىرلە كېلۇر!*
*كۇرەشمىگەن نادانلارغا ھاياتمۇ يوق، بەختمۇ يوق،*
*شۇ ھېكمەتنى ژۈرىگىدە ساقلىسۇن ھەر ـ بىر ئۇيغۇر!*

1997 ـ ژىل، فېۋرال.

# مەڭگۈ دوستلۇق مۇبارەك

«قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى مەڭگۈ دوستلۇق شەرتنامىسىغا ئىمزا قويۇشتى. ئىمزا قويۇش مۇراسىمىدا ئىسلام كەرىموۋ سۆز سۆزلەپ:
- «بىز 400 يىلنىڭ ئالدىدا بۆلۈنمىگەن، بىر پۈتۈن ئەل ئىدۇق، - دېدى»

رادىئو خەۋىرى.

ئېچ، ئىفىردىن ئاڭلىغاندا بۇ خەۋەرنى،
كۆرگەن چاغدا قول قويۇشقان رەھبەرلەرنى،
يۈرىكىمگە سىغماي كەتتى زور ھاياجان:
ئويلاپ كەتتىم، باشتىن ئۆتكەن قىسمەتلەرنى:

تۈنۈگۈنلا، ئاشۇ ئىزگۈ نىيىتىم ئۈچۈن،
«تۈركىستان ھۆر بولسىكەن - دەپ ئېيتقىنىمچۈن،
يىگىرمە يىل تۈتقۇن بولغان ئەمەسمىدىم!
ئېيتىڭلار، مەن قۇۋانماي ئەندى نىچۈن؟

بۇ يولدا كۈرەشمىگەن ئېدى كىملەر؟
مەيدانلاردا قان كەچمىگەن ئېدى كىملەر؟
ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلغان ئەمەسمىدى،
شىرمەتخان، مۇستاپا ھەم شاكىرىملەر!

كۆيلەشكەندى، ئەلنىڭ شائىر ئوغلانلىرى،
ماغجان بىلەن ئابدۇلھەمىت چولپانلىرى.
تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقىنى كۆرەلمەستىن،
ئارمان بىلەن كەتكەن تالاي مەردانلىرى!

يۈرسەممۇ ئۆزەم قۇل بوپ، ھەم تەمتىرەپ،
ئۇخلىماتتىم، قېرىنداشلار غېمىنى يەپ!
تەكرارلىدىن كېچە - كۈندۈز تىلەر ئىدىم،
- تۈركىستان تېزرەك ئازات بولسىكەن - دەپ!

ئىستىقلال ئالغان چاغدا قېرىنداشلار،
شاتلىقتىن يەتكەن ئېدى كۆككە باشلار.
كۆرگەندە مۇستەقىللىق بايرىقىنى،
كۆزلەردىن ئاققان ئېدى ئىسسىق ياشلار!

ئېچ، دوستلار، نېمە دېگەن بەختلىك مەن؟
قېرىنداشلار ئىستىقلالىن كۆردۈم بۈگۈن!
پۈتۈن بىر ئۆمرۈمدە ئىككىنچى رەت،
قاقاخلاپ، چىن يۈرەكتىن كۈلدۈم بۈگۈن!

مانا ئەمدى، قازاق، قىرغىز بىلەن ئۆزبېك،
چىن دوستلۇق مېھرى بىلەن قۇچاقلاشتى.
مەڭگۈ دوستلۇق ئەھدى بىلەن چىڭ باغلىنىپ،
ھۆر - پارلاق كېلەچەككە يوللار ئاچتى!

ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، - قېرىنداش بىز،
تارىخى يىلتىزى بىر - تومۇرداش بىز!
مىڭ يىللار بىر ۋەتەندە بىللە ياشاپ،
بىر ئانىنى ئېمىپ ئۆسكەن ئېمىلداش بىز!

بىز ئەزەلدە تۇران دېگەن بىر ئەل ئىدۇق،
توققۇز ئوغۇز - ھەممىمىزلا تۇگەل ئىدۇق.

بىر ئانىنىڭ قوينىدىكى قېرىنداشتەك،
مەڭگۈلۈككە ئاجرالماس ئۈكەر ئىدۇق!

قەھرىمان ھۇن ئېلىنىڭ ئەۋلادى بىز،
تاغ تېشىپ، شەھەر سالغان پەرھادى بىز.
ھىنگاندىن ئىدىلغىچە يۈرۈش قىلىپ،
دۇنيانى تىترەتكەندى ئەجدادىمىز!

ئاخىرقى زور سۇلتانىمىز ئەمىر تۆمۈر،
قېرىنداشلار بېشىنى قوشقان مەغرۇر.
ئەۋلادىغا ۋەسىيەت قالدۇرغان ئۇ:
- «ئەي، تۇرانىم - بىرلىشىپ تۇر، بىرلىشىپ تۇر!»

مىڭ ئەپسۇس ۋەسىيەتنى تۇتمىدۇق بىز،
بىرلەشكىن - دېسە ئەجدات، ئۇخمىدۇق بىز.
ئىككى دۈشمەن بۆلۈۋالدى ئېلىمىزنى،
بوپ قالدۇق يات قولىدا ئويۇنچۇق بىز!

ئىككى دۈشمەن بۆلۈۋالدى ئېلىمىزنى،
ياتلاشتۇردى تىلىمىز ھەم دىلىمىزنى.
ئەقلىدىن ئېزىپ: ياتنى «تۇققان» - دېدۇق،
يات كۆرۈپ ئۆز ئارا بىر - بىرىمىزنى!

مىڭ شۈكرىكىم: ئاق - قارىنى تونۇۋالدۇق،
كىملەر يات، كىملەر تۇققان بىلىۋالدۇق.
ئەقلىنىڭ چۆللىرىدە ئاداشساقمۇ،
ئاخىرى، توغرا يولنى تېپىۋالدۇق!

مۇبارەك بولسۇن باغرىم، دوستداشلىقىڭ،
ياخشى ۋە يامان كۈندە ھىسداشلىقىڭ.
دوستلىقنىڭ ھۇلى مەھكەم بولسا، ئەگەر،
مەڭگۈلۈك بولار سېنىڭ ئازاتلىقىڭ.

قېرىندىشىم، يەنە بىر چوڭ مۇئەممالىڭ بار،
كۈن چىقىشتا ئۇيغۇر دېگەن ئۆز ئاغاڭ بار.
شۇ ئاغاڭ ئازات بولۇپ كۈلمىگۈنچە،
يۈرىكىڭدە ساقايماس بىر ياراڭ بار!

قېرىندىشىم، قولۇڭنى بەر، شۇ ئاغاڭغا،
تارىخى تەغدىرىڭ بىر جۆر ئاغاڭغا.
ئۆيۈلتاشتەك ئۇيۇشۇپ ئالالمىساق،
ئاخىرى يەم بولارمىز ئەجدەرھاغا!

تىلەيمەن: ئۇيغۇر ئېلى بولسۇن ئازات،
بىرلىشىپ قېرىنداشلار ئۆتسۇن ئىناق!
تۈركىستان ئۆيۈلتاشتەك ئۇيىغاندا،
بولىدۇ، ئىقبالىمىز مەڭگۈ پارلاق!

1997 - يىل، 10 - يانۋار، ئالمۇتا.

# غەزەللەر

## ياخشى قال

خەيرى خوش، كەتكەن ئۆتۈپ، ياشلىق زامانلار ياخشى قال،
بىللە ئوينap، بىللە ئۆسكەن دوست ـ يارانلار ياخشى قال.
خۇددى تاڭنىڭ نۇرلىرىدەك، ساپ ـ تازا ئىشقىم بىلەن،
ئاشىق بولۇپ، سۆيۈپ ئۆتكەن قىز ـ جۇۋانلار ياخشى قال!
ئارزۇلارغا لىپمۇ ـ لىپ تولغاندى، ياشلىق كۆڭلىمىز،
بىللە ئۆرلەپ، بىللە ئۇچقان ياش قىرانلار ياخشى قال!
ئۇچقۇر ژىللار قانىتىدا مەن ئۇچۇپ كەتتىم، ژىراق،
قول شىلتىپ، ئۇزاقتا قالغان شول زامانلار ياخشى قال،
سەن ئۆتۈپ كەتتىڭ، لېكىن كوڭلۇمدە قالدى سېغىنىش،
تاڭدىكى شاۋ ـ شۇۋ كەبى سۆرەن ـ چوقانلار ياخشى قال.
ئەي، ئىلىنىڭ باغلىرى، قوينۇڭدا ئۆتتى ياشلىغىم،
ياش ئۆمۈرنىڭ سىردىشى ـ باغ ـ ۋارانلار ياخشى قال!
ئەندى كەلمەيسەن يېنىپ، مەنمۇ كۆرەلمەيمەن، سېنى،
كۆرمىسەم كۆڭلۇمدەسەن ياشلىق زامانلار ياخشى قال!

## ئالمۇتا

*گۈل ماكانى ئالمۇتا، گۈللەر ماكانى ـ ئالمۇتا،*
*كىچە ـ كۈندۈز پارلىغان نۇرلەر ماكانى ـ ئالمۇتا.*
*ئالىتاغنىڭ ئېتىگىدە ياشىرىپ تۇرغان شەھەر،*
*قازاقىستان ئېلىمىزنىڭ ئاستانى ـ ئالمۇتا.*
*يەر يۈزىدە بارمىكىن، ئالمۇتىدەك گۆزەل شەھەر،*
*ئۆزى جەننەتتىن نىشان، ھۇرلەر ماكانى ـ ئالمۇتا.*
*بايلىغى، گۆزەللىگى دىللارنى مەپتۇن ئەتكىدەك،*
*شائىرلارنىڭ نەزمىدىكى داستانى، ئالمۇتا!*
*«ئالمۇتىنىڭ ئالمىسى ـ مەختۇمسۇلانىڭ خالتىسى»*
*تا ئەزەلدىن داڭقى بار، مېۋەلەر كانى ـ ئالمۇتا.*
*ئۇيغۇرىي دەر: كۈنسېرى گۆزەللىسۇن ھۆسنىڭ سېنىڭ،*
*ھۆسنىگە مەدھى ئوقار شائىر ماكانى ـ ئالمۇتا!*

## ئۆتكۈنچى ئالەم

ئىشىنىپ كەتمە ھاياتقا، بۇ ھاياتىڭ پانىدۇر،
ھەر كىشى بۇ پانىغا كېلىپ كېتەر مېھمانىدۇر.
نى ئەزىز ئىنسانلىدىن قالغان خارابەت خانە بۇ،
سىز بىلەن بىزدىنمۇ ھەم ئېشىپ قالار خارابىدۇر.
بۇ جاھاننى «كارىۋان ساراي» دېگەنغۇ ئاتىلار،
ھەر بىر ئەۋلات بىر قونۇپ ئۆتۈپ كېتەر كارۋانىدۇر.
كېرىلىپ كەتمە سۇلايمان تەختىگە چىقساڭ ئەگەر،
دۆلەت قۇشى ھەركىمگە كېلىپ كېتەر سەيلانىدۇر!
نېمە دېگەن گۆزەل بۇ دۇنيا، قارىساڭ كۆز قامشار،
شۇ گۆزەل دۇنيانىڭ ئاخىر تەقدىرى ۋەيرانىدۇر!

## قەشقەر

ژىراقلاردىن سالام يازدىم، قوبۇل قىل ئانجان قەشقەر،
ژۇرەكلەرگە مۇھەببەت ئوتىنى ياققان جانان، قەشقەر.
يېرىلىڭ مۇنبەت، سۇيىڭ ـ شەرۋەت، ھاۋارىڭ تەنگە مىڭ قۇۋەت،
ئەزەلدىن تا ئەبەت ئۇيغۇر ئېلىگە قۇت ماكان قەشقەر.
ۋەتەننى تاجغا تەڭ قىلسام، ئۇنىڭ ياقۇت كۆزىدۇرسەن،
مىڭ ژىللارچە ئۇيغۇرغا ئۆزەڭ سەن ئاستان قەشقەر.
باراقسان باغلىرىڭ خۇددى گۆزەل جەننەتكە ئوخشايدۇ،
جامالىڭ ئالدىدا تازىم ئېتەر جۇملە جاھان، قەشقەر.
ئۇلۇق شانىڭغا شان قوشقان جەسۇر ئوغلانلىرىڭ باردۇر،
سېنىڭ ھەر ئوغلۇڭ رۇستەم، قىزىڭ ـ ماھى تابان قەشقەر.
سۇيەرگە ئۇشبۇ ئالەمدە، سېنىڭدەك دىلرابا يوقدۇر،
جېمى ئالەمگە تەڭ قىلماس مۇقەددەس ئەزىزان قەشقەر.
ئىلىم ـ ھىكمەت نۇرى بىرلەن پۈتۈن دۇنياغا نۇر چاچقان،
ئۇلۇق مەھمۇد، يۇسۇپلەرنى جاھانغا ئارمىغان قەشقەر.
ساڭا مەدھى ئوقۇپ، گۇمنام، نىزاريي نەزمىلەر پۈتكەن،
غەزەلخانلار ئاناسى سەن، ئۆزەڭ ھەم غەزەلخان قەشقەر.
سېنى ساقلاش ئۈچۈن جاندىن كېچىپتۇ قانچە ئوغلانلار،
ئىپارخان، نازۇگۇم ياڭلىغ قىزىڭ بار قەھرىمان، قەشقەر.
گاھ شاھانە كۈلدۈڭ سەن، گاھى غەم ـ غۇسسگە پاتتىڭ،
نە قىسمەت كۆرمىدى باشىڭ ئەسىرلەر ياشىغان قەشقەر.
بېشىڭغا چۈشسىمۇ قانچە ئازاپلار، قانچە كۈلپەتلەر،
زۇلۇملارغا بويۇن ئەگمەي، كۈرەشكەن غازىيان، قەشقەر.
سېنى سۆيۈپ، ساڭا كۆيۈپ، جاھاندىن ئۆتسە نە ئارمان،
سېنى سۆيمەك ھەر ئوغلۇڭغا ئۇلۇق بىر ئىمتىھان، قەشقەر!
جامالىڭنى كۆرەرمەنمۇ، قۇچاغىڭدا ژۇرەرمەنمۇ،
تاۋاپ ئەيلەپ سۆيەرمەنمۇ ـ دېسەم بىر ئارمان، قەشقەر!

## چۈش

( يۇرت مېھرى ھەققىدە غەزەل )

ئايا دوستلار سەھەر ۋاختى، ئاجايىپ چۈش كۆرۈپتۇرمەن:
چۈشۈمدە، شۇم ئەجەل يېتىپ تۇيۇقسىز ئۆلگىدەكمىشمەن.
دوست ـ يار، باللىرىم ژىغلاپ، مېنى ئۇزۇتۇپ قويمىش،
خۇدانىڭ رەخمىتى: جەننەت ئىچىدە ژۈرگىدەكمىشمەن!
جەننەت ئىچىدە شېرىن مېۋىلەر پىشىپ تۇرمىش،
بىرىسى بىرىسىدىن تاتلىق، تاللاپ يېگىدەكمىشمەن.
رەڭمۇ ـ رەڭ ئېسىل گۈللەر، چاراپ ئېچىلىپ كەتمىش،
ئۇنىڭ خۇشبۇيي ھىدى بىرلەن گويا مەست يۈرگىدەكمىشمەن.
قەيەردىندۇ خۇش ئاۋازلىق كۈيلەر ئېيتىلىپ تۇرمىش،
ئۇنىڭ زوقىدا مەن يايراپ، خۇشھال كۈلگىدەكمىشمەن.
گۈل شارابىنى تۇتۇپ يېنىمدا ھۇرلىرى تۇرمىش،
ئاشۇ ھۇرلەرنى قانماستىن، قۇچاغلاپ سۆيگىدەكمىشمەن.
جەننەت دېگىنى ـ ئەسلى جاننىڭ راھىتىكەن ـ دەپ،
ئۇنى تەرىپ ئېيتىشكە سۆز تاپالماي تۇرغىدەكمىشمەن.
دەل شۇ چاغدا جەننەتنىڭ روجەكلىرىدىن قاراپ،
ژىراقلاردىن ۋەتەننىڭ يۇرتلىرىنى كۆرگىدەكمىشمەن.
خۇداغا يالۋۇرۇپ شۇ چاغ دېدىم: ـ «يۇرتۇمغا قايتۇرساڭ،
سېنىڭ بۇ جەننىتىڭ يەتمەس ئېكەن يۇرتۇمغا!» ـ دەيمىشمەن!

1998 ـ ژىل.

# ۋەتەن

هاياتقا تۆرىلىپ كەلدىم، ۋەتەننىڭ تۇپراغىدىن،
نە تۇپراقكى، يېنىپ تۇرغان مۇھەببەتنىڭ چىراغىدىن.
كېلىپ كۆردۇمكى، ھەر كىمگە ۋەتەن مۇشپىق ئانا ئەرمىش،
سائادەتنى تاپۇر ھەر كىم ئۇنىڭ ئازات قۇچاغىدىن.
ئازات ياشاي دېسە ھەر كىم، ۋەتەننى جان بىلەن سۆيسۇن،
ئۇنىڭ ئەركىن بىلىپ ئەلا، كۆزىنىڭ جۇپ قاراغىدىن.
ۋەتەن سۆيمەكنى ئەي دوستلار، ئەجداتلاردىن ئۇرگەندىم،
باش ئەگمەس غۇرۇرلۇقنى ئۇگەندىم تەڭرى تاغىدىن.
ئېلىمگە مەرت ــ سېخىلىكنى دەريالاردىن ئۇرگەندىم،
بويۇمغا سىڭدى بۇ خىسلەت، سەبىيلىك بالا چاغىمدىن.
قولۇمغا زۇلپىقار ئالىپ، ئۇلۇق جەڭلەرگە ئاتلاندىم،
ئېلىمنى پاك ئېتەرمەن دەپ، رەقىپنىڭ شۇم ئاياغىدىن.
ژىقىلسام جەڭ ئارا، مۇشپىق ئانامدىن كۈچ ئېلىپ تۇردۇم،
چاڭقاپ كەتسەم سۇ ئىچتىم، ئۇنىڭ كەۋسەر بولاغىدىن.
ئازات كۈنلەرگە يەتكۈنچە تۇمەن مىڭ قىر ــ داۋان ئاشتىم،
نى ئوغلانلار شېھىت بولدى، تۆكۈپ جان ياپىراغىدىن.
ۋەتەن ئازات بولۇپ، خەلقىم ئازادە يايرىغان چاغدا،
رەقىپلەر قەستىدە تەختىم ژىقىلدى كۆك راۋاغىدىن.
قولۇمدىن ئامىتىم كەتتى، بېشىمغا چۈشتى سەۋدالەر،
دەرىغا ئايرىلىپ قالدىم، ئېلىمنىڭ پاك قۇچاغىدىن.
ئۇيغۇرىي ئېيتۇر دايىم: بەختىيار بولاتتىم ــ دەپ،
بىر نەپەس ئېلىپ ئۆلسەم، ئېپار گۇللەر پۇراغىدىن!

# كۆرگىلى كەلدىم *)

سالام، ئەي ئۇيغۇرستانىم، سېنى مەن كۆرگىلى كەلدىم،
گۆزەل قوينىڭدا شات يايراپ، ئازادە ژۇرگىلى كەلدىم.
ئاتالەردىن مىراس قالغان ۋەتەن خاكى مۇقەددەسدۇر،
تۇپاڭنى تۇتىيا ئەيلەپ، كۆزۈمگە سۇرگىلى كەلدىم!
ئۇزاقتىن سېغىنىپ كۈتكەن سېنىڭ ئارزۇلۇق بالاڭ كەلدى،
قېنى، قوينۇڭنى ئاچ خەلقىم، قۇچاغلاپ، سۆيگىلى كەلدىم.
بۇ يۇرتتا قەھرىمان ئەۋلات، قېرىنداشۇ ــ قاياشىم بار،
شۇلارنىڭ باغرىدا شاتلىق يېشىمنى تۆككىلى كەلدىم!
كۈرەش بىرلە ئازاتلىق ئېپ، جاھانغا قايتا تۇغدۇڭ سەن،
ئازات كۈنلەرنى تەبرىكلەپ، مۇبارەك ئېيتقىلى كەلدىم.
ئۇلۇق جەڭلەردە قان كەچكەن جەسۇر ئەۋلاتلىرىڭ باردۇر،
شۇلارغا ئېھتىرام ئەيلەپ، بېشىمنى ئەككىلى كەلدىم!
بۇ يۇرتتا كۆپ شېھىتلارنىڭ مۇقەددەس مازارى بار،
مازارلارنى تاۋاپ ئەيلەپ، قېشىدىن ئۆتكىلى كەلدىم.
ئەزىز يۇرتۇم، سېنى سۆيۇپ جاھاندىن ئۆتسەم نە ئارمان،
سېنىڭ قوينۇڭدا ئەمگەك قىپ، ھالال تەر تۆككىلى كەلدىم.
ئۇيغۇرىي ئېيتۇر: يۇرتۇم، سېنى مەن سېغىنىپ ئەردىم،
گۆزەل قوينوڭدا شات يايراپ قاقاخلاپ كۈلگىلى كەلدىم!

*) مەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ، مۇھاجىر بولۇپ ياشىغان ژىللاردا، ۋەتەننى سېغىندىم، ئۇنىڭ تېزىرەك ئازات بولىشىنى، تېزىرەك ۋەتەن قوينىغا بېرىشنى ئارمان قىلىپ ياشىدىم. بۇ غەزەل ئاشۇ ئارماندىن تۇغۇلغان.

# جەننەتتىن قوغلانغان روھ

(بالادا)

ئۆتكەن زامان بىر ئۇلۇق زات ياشىغان ئىكەن،
ـ ھەم يازغۇچى ھەم ئالىم ـ، دەپ نام ئالغان ئىكەن.
ئۇندا باركەن يەنە ھەر خىل پەخرى ئۇنۋانلار،
كۆكرىكىدە يالتىرلىغان ئوردىن ـ مېدالار...
ھۆكۈمەتكە قىلغان ئۇلۇق خىزمىتى بارمىش،
شۇڭا خەلق ئارىسىدا ھۆرمىتى بارمىش.
ئۇ كەلمىسە ـ داستىخانلار ئېچىلمايدىكەن،
ئۇ كەلمىسە ـ بەزمە ـ سازلار چېلىنمايدىكەن...
ـ بار ياخشىلىق ئاشۇ زاتنىڭ شارپىتى ـ دەپ،
يامانلىقنى ئۆزگىلەرنىڭ كاساپىتى ـ دەپ.
ئەتراپىنى ئوراۋاپتۇ خوشامەتچىلەر،
خوشامەت قىپ ھارمايدىغان زىيارەتچىلەر...
ـ مەندىن ئۇلۇق كىشى يوق! ـ دەپ ئۇ بولۇپ مەغرۇر،
شۇنداق راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتۈپتۇ ئۆمۈر...
بىراق ئۇنىڭ ئانا يۇرتى پايىمال ئىكەن،
ئەزىز خەلقى يات ئېلىكىدە خارۇ ـ زار ئىكەن،
ئۇ ۋەتەندە ھاكىم ئىكەن زالىم بىر خاقان،
پۈتۈن ئۆلكە بەئەينى بىر دەۋزىخى ماكان!
ھەر كۈنلىگى كېسىلەركەن مىڭلىغان باشلار،
دەريا بولۇپ ئاقار ئىكەن قانلىق كۆز ياشلار!
بىچارە ئەل ئەلچىلىرى كېلىپ پىنھانە،
ئۇلۇق زاتقا يالۋۇرۇشىپ قىلىپتۇ نالە:
ـ ئەي، ھۆرمەتلىك، خەلقىمىزنىڭ بىلىمدانى سەن،
پەخىرلەنسەك ئەرزىيدىغان ئىپتىخارى سەن!
ئۆزەڭ باش بوپ كۈرەشلەرگە بىزنى باشلىساڭ،
زورلۇق ـ زۇلۇم كىشەنلىرىنى چېقىپ تاشلىساڭ.
ئەرك ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى بىزلەر خالايتتۇق،
سەن قوماندان بولساڭ بىزلەر ئەسكەر بولاتتۇق!
ئەي، ئۇلۇق زات، تىلىمىزنى يەردە قويمىساڭ،
سادىق بىز دەپ سۆز بېرەيلى ئەگەر خالىساڭ!
...   ...   ...   ...   ...   ...   ...
...   ...   ...   ...   ...   ...   ...
بىراق، ئۇزات ئەل تىلىگىنى قوبۇل قىلماپتۇ،
ۋەتەنپەرۋەر جەڭچىلەرنى كۆزگە ئىلماپتۇ...
ئەيىپلىمەي، ئەلنى قىرغان قانخور جاللاتنى
ـ تېچ ژۇرۇڭلار! ـ دەپ كايىپتۇ بىچارە خەلقنى!
ئۇ ئۆزىنى كۈرەشلەردىن يىراق تۇتۇپتۇ،
كىتاپ يېزىش بىلەن ئۇنىڭ ئۆمرى ئۆتۈپتۇ...
كۈرەشچىلەر قويدەك قىرىلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ،
ئەل تەغدىرى ئوڭشالماستىن كېتىشىپتۇ...
ياۋۇز دۈشمەن قىرىۋەرگەچ كۈرەشچانلارنى،
كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىر بوپتۇ مىللەتنىڭ ھالى...
ئۆز خەلقىدىن يىراقلىشىپ كەتكەشكە دىلى،
شۇنچە ئېغىر پاجىئەنى كۆرمەپتۇ كۆزى...

ژىللار ئۆتۈپ ئاستا ـ ئاستا ئۈلغىيىپتۇ ياش،
ئۇلۇق زاتمۇ قېرىپ ئاخىر بولۇپتۇ ئاقباش.
كېسەل بولۇپ، ئورنۇن تۆتۈپ ئۇ يېتىپ قاپتۇ،
ئەجەل يېتىپ، ئەزرائىل جېنىنى ئاپتۇ...
ئاتىسىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ بالىلىرى،
تەنتەنىلىك ئۇزىتىپتۇ قەبرىگە ئۇنى...
قارا يەرگە كۆمۈلۈپتۇ جىسمى ـ ۋۇجۇدى،
ھەق تائاللا ھۇزۇرىغا كېتىپتۇ روھى.
رەخمان ئاللا بۇ قۇلىغا رەھىم ئېتىپتۇ،
ئىلتىپات قىپ پىردوسىدىن ئورۇن بېرىپتۇ.
جەننەت دېگەن پاراغەتلىك ئېسىل جاي ئىكەن،
كوكۇل نېمە خالىسىلا، شۇ تەييار ئىكەن...
ئۇندا باركەن: بۇرۇن ئۆلگەن دوستلارنىڭ روھى،
ئۇندا باركەن: جەڭدە ئۆلگەن شېھىتلار روھى.
شۇلار كېلىپ يېڭى روھنى ئوراۋېلىپتۇ،
يېڭى ـ يېڭى سوئاللارنى سوراۋېرىپتۇ:
بىرسى دەپتۇ: ۋەتەندە جەڭ ئوتى ياندىمۇ؟
مېنىڭ خەلقىم دۈشمەندىن ئۆچىن ئالدىمۇ؟
قىلىچ تۇتۇپ ۋەتەن ئۈچۈن جەڭگە كىردىڭمۇ؟
مەيدانلاردا بايراقدار بوپ ئالغا ژۇردۇڭمۇ؟
ئېيتىپ بەرگىن: كىملەر جەڭدە شېھىت بوپ ئۆلدى؟
يەنە كىملەر جەڭدىن قېچىپ قارا يۈز بولدى؟
سەن شۇ جەڭدە مىللەت ئۈچۈن نېمە قىپ بەردىڭ؟
زالىملاردىن قايىسى قىساس ـ ئۆچنى ئېپ بەردىڭ؟
بىرسى دەپتۇ: تىرىك چاغدا كۈرەشكەن ئىدىم،
شۇ تۈپەيلى، بۇ جەننەتكە ئېرىشكەن ئىدىم!
مەن ئۆلگەندە قاڭغىر قاخشاپ جان ئانام قالغان،
ـ ۋاي دادام! ـ دەپ قان ياش تۆكۈپ ئۈچ بالام قالغان.
ئاھ، تەكرىم نېسىپ قىلسا، تىرىلسەم ئىدىم،
شۇلار ھەققى قانلىق جەڭگە بىر كىرسەم ئىدىم...
سەن، دۇنيادا كۈرەش قىلماي، نېمشقا كەلدىڭ،
نېمە ئۈچۈن يۇرتتا قالماي بېھىشقا كەلدى؟
ئۇ روھ دەپتۇ: يازغۇچىمەن، ئەسلىم شۇ ئىدى،
خەلقىم ئۈچۈن كىتاپ يازدىم، كەسپىم شۇ ئىدى!
ئالىم بولۇپ، ئىلىمدا كۆپ سىرلارنى ئاچتىم،
جەڭ قىلىشقا مېنىڭ ئەسلا بولمىدى ۋاختىم!
شۇنىڭ ئۈچۈن خەۋىرىم يوق، كىملەر جەڭ قىلغان،
كىملەر جەڭدە باتۇر بولغان، كىملەر بولمىغان؟!
شۇندا روھلار، بۇ مېھماننى تالاپ كېتىپتۇ،
ـ جەڭدىن قاچقان مۇناپىق! ـ دەپ تىللاپ كېتىپتۇ:
ـ ھەي، مۇناپىق، ئۇيالماسەن قۇل بوپ ياشاشتىن،
سېسىق جاننى ئايىدىڭمۇ، جەڭگە ئاتاشتىن؟

سىنىڭ جىنىڭ ئارتۇقمىدى ئەللەر جىنىدىن؟
سىنىڭ جىنىڭ تاتلىقمىدى، جەننەت ھىدىدىن؟
خەلقىڭ جەڭدە ئۆلىۋاتسا، قاراپ تۇردۇڭمۇ؟
دالدىلارغا مۆكۈۋېلىپ ماراپ تۇردۇڭمۇ؟
قورال تۇتۇپ جەڭ قىلىشقا يارىمىدىڭمۇ؟
ئاناڭ بەرگەن ئاق سۈتنى ئاقلىمىدىڭمۇ؟
قويدەك قىرىلىپ ئۆلىۋاتسا، نەسىل ئەۋلادىڭ،
نېمە كېرەك، سىنىڭ يازغان توم ـ توم كىتاۋىڭ؟
ئېيتچۇ، سىنىڭ نەرىڭ ئۇيغۇر، نەرىڭ مۇسۇلمان؟
ئەي، ئىنسانلىق ئالىمىدە شەرمەندە ئىنسان!
سەن، مىللەتنىڭ خائىنى ـ قارا يۈز مەخلۇق،
نىجىسلارغا ئارىمىزدا ئەندى ئورۇن يوق.
يوقال ھازىر ئارىمىزدىن، ئەي، لەئىن ئەبلەخ،
بۇ جەننەتنى بۇلغىماستىن يوقالغىن تېزىرەك!»
دەپ بۇ روھنى پىردوسىدىن قوغلاۋېتىپتۇ،
لەنەت ئېتىپ ئارقىسىدىن تاشلار ئېتىپتۇ.
قىلمىشىغا يارىشا ھەق جازاسىنى ئەپ،
گۇناھكار روھ قاياققىدۇ كېتىپتۇ تېنەپ...
... ... ... ... ... ... ... ...
ئەزىز دوستلار، باللادىمىز پۈتتى شۇ يەردە،
تىرىك جانلار ئىبرەت ئالسۇن بۇندىن ئەلۋەتتە!

# ئوتلۇق ژىللار خاتىرىسى

## (كىچىك داستان)

ژىللار قالدى، بىزدىن ژىراق ئۆتمۇش بولۇپ،
بىز كەچۈرگەن بىر تارىخىي كەچمىش بولۇپ.
ئەسكە ئالساق، ھازىر ئەمدى شۇ كۈنلەرنى،
بىلىنىدۇ تۈندە كۆرگەن بىر چۈش بولۇپ...!
كەتسەكمۇ بىز ئۇ كۈنلەردىن ژىراقلىشىپ،
ئۇچقۇر ژىللار قانىتىدا داۋان ئېشىپ،
ئۇنتۇلمىدى ئوتلۇق ژىللار خاتىرىسى.
ئۇ تۇرىدۇ قەلبىمىزدە قايناپ تېشىپ:
... ... ... ... ... ... ... ...
ئۇ ژىللىرى زۇلۇم چەكتىن، ئاشقان ئېدى،
خەلقىمىزنىڭ قەھرى قايناپ تاشقان ئېدى.
ۋەتەنىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرى،
ئىنقىلاۋى پارتىيەگە ئۇيۇشقان ئېدى* )!
باشلاندى دۈشمەن بىلەن يوشىرۇن چېلىش،
يوشىرۇن ئىشلىنەتتى ھەر قانداق ئىش.
دۈشمەنىنىڭ ئوق ئىسكلاتى پارتلىناتتى،
خائىنلار يوقىتىلاتتى پىنھانە ـ تېچ.
تۈرمىدىكى مەھبۇس قېچىپ ـ يوقىلاتتى،
ئەمدى قولغا ئېلىنغانلار قۇتىلاتتى.
سادىغاگېتەي خەلقىمىنىڭ ئىسسىق قوينى،
ئونلاپ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى يوشۇراتتى!
مەسچىتلەردە ئوقۇلاتتى ۋائىزىلەر،
ھەم يوشۇرۇن تارقىلاتتى گەزىتلەر.
«ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر» لەرنى تاپالماستىن،
غالجىر ئىشتتەك قۇتىراتتى گېزەندىلەر.
شۇ يوسۇن كۈرەش قايناپ تاشقان چاغدا،
باسقۇنچىغا ئەجەل ئوتى چاچقان چاغدا.
ئىنقىلاپىنىڭ زەربىسىگە چىدالماستىن،
كەلگۈندىلەر كۈلىغا قاراپ قاچقان چاغدا.
دۈشمەنلەرنىڭ ۋەھشىلىگى ھەددىدىن ئاشتى،
غالجىر ئىشتتەك چېپىپ ھەريان قۇتىراشتى.
تىڭچىلىرى ئارىمىزغا كىرىۋېلىپ،
ماشىنىلاردەك پۇراپ ھەريان قاتىراشتى؟!
ئىسمايىل، كەنجاخۇن ھەم ئاۋۇت دۈيجاڭ،
سوقۇلۇپ ئارىمىزغا كىرىۋالغان.
شۇ خائىنلار پارتىيەنى پاش قىسىپ بەرگەچ،
باشلاندى: تۇتۇش ـ قاماش، ئۇر ـ چاپ بوران.
فېۋرالنىڭ ئون ئىككىسى قاراڭغۇ تۈن،
تالادا قار ـ شوۋۇرغان ـ ھوۋلىغان ئۈن.
ساقچىلىرى ئۆيىمىزگە بېسىپ كىرىپ،
كويزا سېلىپ ئېلىپ كەتتى بىزنى شۇ تۈن!
ئايال قالدى: بۇ دەھشەتتىن قورقۇپ تىترەپ،
بالا قالدى: ـ «دادا!» ـ دەپ ئاچچىق ژىغلاپ.
ئەل قالدى: ئوغلانلارغا تېچ ـ ئامانلىق،
باسقۇنچى، زالىملارغا زاۋال تىلەپ!..
باشلاندى، مەھبۇسانە ئېغىر كۈنلەر،
ئۆتەتتى ئازاپ بىلەن كۈنۈ ـ تۈنلەر.
چېكى يوق مۇدھىش قىيناق ـ ئازاپلاردا،
بىلمەتتۇق قانداق ئۆتتى ئاي ۋە ژىللار...
تۈرمىدە داۋام قىلدى قىيناق ـ سوراق،
گاڭزىغا بېسىلاتتى ئوشۇق ـ ئاياق.
كانارغا قولىمىزدىن ئېسىپ قويۇپ،
ئۇرۇشاتتى تېنىمىزگە قامچا ـ تاياق...
جاللاتلار «ئىقرار قىل!» دەپ چېقىراتتى،
چېكىمىزنى قىسىپ «كۆزنى چىقىراتتى!»
ھوشىمىزدىن كەتكەن چاغدا سوغ سۇ چېچىپ،
قىيناشنىڭ يېڭى تۈرىنى يەنە باشلاتتى!
ياۋۇز دۈشمەن كۆرسىتىپ بىزگە قەھىر،
ھەممىدە ئالداپ قىلماقچى بولدى تەسىر.

شۇندىمۇ بىز دۈشمەنگە باش ئەگمىدۇق،
جان بەردۇق، لېكىن ياۋغا بەرمىدۇق سىر!
ئاشۇ جەڭدە شېھىت بولدى تالاي جانلار،
ئاۋاكرى، سابىر هاشىم، ئىمىنجانلار...
ۋەتەن سۆيگەن ئېسىل جانلار كۆكرىگىدىن،
ئۆكۈلدى ئانا يەرگە قىزىل قانلار!..
شېهىت بولدى سەيدۇللىن، غوپۇر ئاسىم،
ئىسمايىل، مەمەتيۈسۈپ هارىسلار هەم.
ئۆمۈرلۈك قاماق جازا هۆكۈم ئالدى،
رابىيە، تۇرسۇن ئابىت، ئەزىم بىلەن!
هە، ئۇ كۈنلەر راستلا شۇنداق بولغان ئېدى،
تالايلارنىڭ ئۆمور گۈلى سولغان ئېدى...
تۈرمىدە، لاگىرلاردا، قوم چۆللەردە،
نى ئەرلەرنىڭ جەسەتلىرى قالغان ئېدى!
ئۇلار ئۆلدى ياۋ قولىدا ئازاپ بىلەن،
پۈتمەس ئەلەم، چەكسىز ئۆچلۈك، غەززەپ بىلەن.
ئۇلار ئۆلدى، باسقۇنچىغا لەنەت ئېتىپ،
ژۇرىگىگە سىغمىغان ئۆچ ـ نەپرەت بىلەن!
ئاشۇ ئەرلەر قاتارىدا مەنمۇ باردىم،
كۈرەشلەردە خۇددى چاقماق بولۇپ ياندىم.
بىلمىدىم مەن، بەختىممۇ يا، تەغدىرىممۇ،
مەيداندا ئوق يېدىم، ئامما، تىرىك قالدىم!
تىرىك قالدىم، مەن ۋەتەنگە كېرەك ئۈچۈن،
كۈرەشلەرگە يەنە بىر بار كىرمەك ئۈچۈن،
تىرىك قالدىم: ئېچىپ تارىخ سىرلىرىنى،
هەقىقەتنى ئەلگە ئېتىپ بەرمەك ئۈچۈن!
مەن يازىمەن ۋەتەنپەرۋەر چىن ئەرلەرنى،
ئەرك ئۈچۈن ئوتقا كىرگەن قەيسەرلەرنى.
مەن يازىمەن ئەلنى ساتقان خائىننى هەم،
جاللات بولۇپ ئۆتكەن كاللا كېسەرلەرنى!
«ئوتلۇق ژىللار» ئۆتمۈشتىكى بىر تارىخدۇر،
هەر بىر بېتى شۇ كۈنلەرگە گۇۋالىقدۇر.
شۇ سىرلارنى ئەلگە ئېيتىپ بېرەلىسەم،
ئارمىنىم يوق، مېنىڭ قەرزىم ئادالىقدۇر!

1994 ـ ژىل، ئالمۇتا.

*) شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# قۇتلۇق كۈنلەر

## (داستان)

### مۇقەددىمە

*يادىمدا مېنىڭ ئاشۇ قۇتلۇق كۈنلەر،*
*كۈرەشتە يالقۇنلانغان ئوتلۇق تۈنلەر.*
*تارىختا مەڭگۇ ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان،*
*ياشلىقتا بىز بېسىپ ئۆتكەن زور ئۆتكەللەر!*
*ئۇزاقتا قالدى بەرى ئۆتمۈش بولۇپ،*
*بىز باشتىن كەچۈرگەن بىر كەچمىش بولۇپ.*
*ئۇ چاغلار ژىگىرمىدە ژىگىت ئېدۇق،*
*هە، ئەندى ئولتۇرىمىز يەتمىش تولۇپ.*
*دوستلىرىم، يەتمىش ژىللىق ئۆمرۈمدە،*
*بېشىمدىن تالاي ئىشلار كەچۈردىم مەن.*
*ئازاتلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ باقتىم،*
*قۇللۇقنىڭ ئازاۋىنى هەم كۆردۈم مەن!*
*ئويلىسام، شۇنچە ئۇزاق ئۆمرۈمدە،*
*ئىككىلا قۇتلۇق سەنە بوپتۇ نېسىپ،*
*مۇشەررەپ ئاشۇ كۈنلەر هۆرمىتىگە.*
*ئەرزىيدۇ كۈيلىسەم مەن داستان يېزىپ.*
*ئەسلىسەك، هازىر ئەندى ئاشۇ كۈنلەر،*
*خۇددى بىر تارىخ بولۇپ بىلىنىدۇ.*
*ئۇنىڭ هەر سەهىپىسى، هەر ۋارىغى،*
*سېغىنىش بىلەن ئەسكە ئېلىنىدۇ!*
*قېنى ئەمدى، ئەشۇ ئازات ۋەتىنىمىز؟*
*قېنى بىزنىڭ ماختانغان ئەسكىرىمىز؟*
*يۇرتىمىز ـ مۇستەملىكە، ئۆزىمىز ـ قۇل،*
*نە ئۈچۈن قارا بولدى، تەغدىرىمىز؟*
*شۇ ئېغىر سوئاللارغا جاۋاپ تاپماي،*
*بىلسەكمۇ، كۆپ سىرلارنى ئېغىز ئاچماي.*
*ئەللىك ژىل بۇرۇختۇم بوپ ياشىدۇق بىز،*
*دۇنياغا هەقىقەتنى جاكا قىلماي!*
*باغ قۇرۇپ، مېۋىسىنى يەلەلمىگەن،*
*باغۋەنىنىڭ قەدرىگە كىم يېتىدۇ؟*
*تارىخنىڭ ئېچىلمىغان سىرلىرىنى،*
*ئەۋلاتقا بىز ئېيتمىساق، كىم ئېيتىدۇ؟*

## 12 ـ نويابر

نويابر ـ تارىختىكى بىر يورۇق تاڭ،
مۇقەددەس ئازاتلىققا يوللار ئاچقان.
ژۇرەككە ژىغىپ ئەجدات قىساسىنى،
زۇلۇمنىڭ دۇنياسىغا ئوتلار چاچقان!
يادىمدا، نويابرنىڭ ئون ئىككىسى،
هاۋامۇ بۆلەكچىلا ئوچۇق ئىدى.
خەلقىمنىڭ شاتلىقىغا شاتلىق قوشۇپ،
قۇياشمۇ ئايىمىغان ئۆز نۇرىنى.
شۇ كۈنى خۇشال ئىدى جىمى ئادەم،
يۈزىدە شات ـ هاياجان، ژۇرەكلەر چوغ.
ئىلىنىڭ ئاسمىنىدا كۆزنى تارتىپ،
يەلپۈلدەپ تۇرغان ئىدى، ئاي ـ يۇلتۇز تۇغ!
«ئو. قا. ق» كلوبىدا هەم تالادا،
دىڭىزدەك تەۋرىنەتتى ئىلى خەلقى.
( خەلقىنىڭ بۈنچىلىك زور دولقۇنىنى،
كۆرمىگەن بۇ ئۆلكىدە تارىخ بەلكى).
بار ئىدى: ئۇندا جەڭچى ـ پارتىزانلار،
بار ئىدى: نەيزە تۇتقان پىدائىلار.
بار ئىدى: ئاق ساقاللىق بوۋايلار هەم،
ژۈرىگى ئوتتەك يانغان قىز ـ جۇۋانلار.
... ... ... ... ... ...
مۇنبەرگە چىقىپ شۇندا ئىلىخانتۆرەم،
( قىشىدا يارانلىرى بولۇپ هەمدەم).
«قۇرۇلدى، ئازات شەرقىي تۈركستان» دەپ،
دۇنياغا قىلدى جاكا، هەيۋەت بىلەن!
«ئۇررا ! » ـ دەپ توۋلىغاندا خەلقىم تۇتاش،
«ئۇررا!» ـ دەپ سادا بەردى هەم تاغۇ ـ تاش.
ئەركىكە تەشنا بولۇپ يەتكەن ئەلنىڭ،
كۆزىدە يالتىراتتى خوشاللىق ياش!
دوستلىرىم، بۇ بىر ئاددىي كۆز ياش ئەمەس،
ياش بولۇپ كۆزدىن ئاققان قەلبى خۇرۇش.
ئۆمۈردە بىر كەلگەن بۇ ئازاتلىققا
مۇمكىنمۇ، كۆز ياش قىلماي چىداپ تۇرۇش؟!
شۇ كۈنى ئىچىلغاندى، مىنىڭ بەختىم،
قولۇمغا كەلگەن ئىدى، تاجۇ ـ تەختىم.
خان ئالدىدا ئەركە ئۆسكەن شاهزادىدەك،
ئەركىلەپ ئۆتكەن ئىدى ياشلىق ۋاختىم!
شۇ كۈنلەر بولغان ئىكەن بىر غەنىمەت،
خەلقىمىز ـ هۆرلەر ئىدى، ۋەتەن ـ جەننەت.
ۋەتىنىڭدە ئۆزەڭ هاكىم، ئۆزەڭ خان بوپ،
قىسىلماي، ئەركىن ياشاش ـ قانداق راهەت؟!
ئىخ، بەش ژىل ياشاۋالدۇق، شۇنداق هۆزۈر،
ـ بۇ ـ مىنىڭ ۋەتىنىم ـ دەپ بولۇپ مەغرۇر.
هۆر ـ ئازات ياشىغان شۇ بىر كۈنۈمنى،
پوتكۈل بىر ئۆمۈرگە تەڭ دىيسەم ئەرزۈر!

نويابر ـ خەلقىمىزنىڭ تاڭ يۇلتۇزى،
قەهرىمان ـ ئۇنىڭ هەر ـ بىر ئوغۇل ـ قىزى.
ئەسىرلەر داڭقى ئۆچمەس شۇ كۈنلەرنىڭ،
ژۇرەكتە يالقۇن بولۇپ قالدى ئىزى...
ژىراقتا قالدى ئەمدى ئاشۇ كۈنلەر،
كۆرەشتە يالقۇنلانغان ئوتلۇق تۈنلەر.
ئويلىساق، خۇددى چۈشتەك بىلىنىدۇ،
هەم خوشاللىق هەم قايغۇلۇق شۇ ئۆمۈرلەر.
كەتسەكمۇ ئۇ كۈنلەردىن ژىراقلىشىپ،
ئۇچقۇر ژىللار قانىتىدا داۋان ئىشىپ.
كەتسەكمۇ ئاپپاق چاچلىق بوۋاي بولۇپ،
ژۇرىمىز شۇ كۈنلەرنى ئەسكە ئىلىپ...

*  *  *

جەڭ قىزىپ، لەڭشاڭ بىلەن هەرەمباغدا،
ئەل قەلبى ئوتتەك يىنىپ تۇرغان چاغدا.
باراتتى، سەپ ئالدىدا غىنى باتۇر،
قىشىدا سەرۋازلىرى بولۇپ هەغدا.
كۆرەشكە كىردى باتۇر ئات ئوينىتىپ،
چاپاتتى ئالا ئىتى چاڭ توزىتىپ.
يۇلتۇزدەك ئۇچار ئىدى چەۋەندازلار،
قولدىكى ئافتوماتتىن ئوق ياغدۇرۇپ.
دۈشمەننى يەڭدى بىزنىڭ پارتىزانلار،
بوش كەلمەي، دۈشمەن قۇرغان توزاقلارغا.
ئازات قىپ پۈتكۈل ئىلى ۋىلايەتنى،
دۈشمەننى سۈرۈپ كەتتى ئۇزاقلارغا...

## 8 ـ ئاپرېل

ئۆمۈردىكى يەنە بىر قۇتلۇق سەنە،
سەككىزىنچى ئاپرېل ـ زور تەنتەنە.
شۇ كۈنى «مىللىي قوشۇن قۇرۇلدى!»ـ دەپ،
يېزىلغان تارىخىمغا ئالتۇن هەلدە!
نەۋ باهار، يەر ياشىرىپ قالغان ئىدى،
سۆگەتلەر جالا سىلىپ ئالغان ئىدى.
شەهەرنىڭ غەربىدىكى ئۇلۇق مەيدان،
ئادەملەر دىڭىزىغا تولغان ئىدى...
مەيدانغا هەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدى،
مۇنتىزىم مىللىي قوشۇن جەڭچىلىرى...
ئۈستىدە هەربىي كىيىم بەك ياراشقان،
مۈرىسىدە هەربىي ئىنۋان ـ بەلگىلىرى...
سەپ بولۇپ بارار ئىدى ئۇيغۇر، قازاق،
قىرغىز بىلەن تاتار، ئۆزبەك جەڭچىلىرى...
باراتتى ئوت ژۇرەكلىك قىزلار توپى،
بويىنىغا سومكا ئاسقان بەزىلىرى...
مۇنبەردە ئورۇن ئالدى مارشال ئاتا،
قىشىدا پاگۇن تاققان گېنېراللار.

بار ئىدى، يەنە خەلىق باتۇرلىرى،
كۆكسىنى زىنەتلىگەن قوش مېدالىلار!
مۇنبەردە رەئىس جۇمھۇر ئېلىخانتۆرەم،
ئورۇنلاپ، خەلقىمىزنىڭ ئارمانىنى،
«مۇنتىزىم مىللىي قوشۇن قۇرۇلسۇن»- دەپ،
ئوقۇدى، ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانىنى.
كۆرگەندە ئاي - يۇلتۇزلۇق يېشىل تۇغنى،
خەلقىمىز كۆكۈللىرى ئېچىلدى خۇش...
مەيداندا، قۇماندانىنىڭ قولى بىلەن،
باشلاندى قىسىملارغا تۇغ تاپشۇرۇش.
كاماندىرلار ھەربىيچە سالام بېرىپ،
سۆيۈشتى يېشىل تۇغنى يەڭ تىزلىنىپ.
- «ۋەتەننى چوقۇم ئازات قىلىمىز» - دەپ،
تاپشۇرۇپ ئالدى ئۇنى قەسەم بېرىپ.
پاراتتىن ئۆتتى ئاندىن مىللىي قوشۇن،
پىيادە، ئاتلىق يەنە توپچى قىسىم...
نامايىش قىلىپ پۇتكۇل ئەل ئالدىدا،
ۋەتەننى ئازات قىلىش ئىرادىسىن!
باراتتى، سەپ ئالدىدا كوماندىرلار،
چېىست بېرىپ رەھبەرلەرگە ھۆرمەت بىلەن.
سەپ بولۇپ ئۆتىشەتتى جەڭچى باللار.
قولىدا قۇرال تۇتۇپ ھەيۋەت بىلەن!
- ھەربىي ژۇرۇش ئەمدى باشلانسۇن - دەپ،
ئوقۇلدى قۇماندانىنىڭ بۇيرۇغى ھەم.
ئۈچ فرونت يۆنىلىشتە، ئاشۇ كۈندىن
ژۇرۇشلەر باشلاۋەتتۇق، غالىپ قەدەم!
شىمالىي فرونت يولى - ئالتاي تامان،
قۇماندان لېسكىن بىلەن ھەم دەلىلخان.
ئالتاينى ئازات قىلغان قوشۇنىمىز،
كۈچىنىڭ بىلەن قۇمۇلنى قىلدى نىشان!
مەركىزىي فرونت يولى - ئۈرۈمچىگە،
جىلىڭ بىلەن شىخۇ ئىدى جاھىل قورغان.
شۇندىمۇ دۈشمەنلەرنى تار - مار ئېتىپ،
ئالدى قوشۇن ماناسقا يېتىپ بارغان!
جەنۇبىي فرونت يولى - كۇچار - ئاقسۇ،
سوپاخۇن ھەم مىرزىگۇل قوش قۇماندان.
ئاقسۇنىڭ كونا شەھرىنى ئازات قىلىپ،
قەشقەرىيە ۋادىسىغا قاراپ ماڭغان.
ماڭدۇق بىز شىرغۇراندەك ھەيۋەت بىلەن،
بوراندەك، ياۋنى سۈرۈپ شىددەت بىلەن.
ئازات قىپ ئىلى - جۇڭغار دالاسىنى،
ماناسقا يېتىپ كەلدۇق، سۈرئەت بىلەن.
ۋا لېكىن، ئۇرۇش دېگەن ئويۇن ئەمەس،
قان تۆكمەي، غالىبىيەت ئۆزى كەلمەس.
مىڭلىغان ئوغۇل - قىزلار شېھىت بولدى،
ئالغىچە ياۋنى يېڭىپ ئەركىن نەپەس.
غۇلجىدا، كەڭسايدا، جىلىڭ - شىخۇلاردا،
چۆچەكتە، ئالتايدا ھەم ئاقسۇ - بايدا.

نى باتۇر ئەزەمەتلەر شېھىت بولدى،
تاغلاردا، چۆللەردە ھەم ساي - سالادا.
كۆكۈلدىن چىقماس ئاشۇ زور بەدەللەر،
شېھىت بولغان لۇتپۇللا، رىزۋانگۇللەر.
ۋەتەن ئۈچۈن ئەزىز جانىنى پىدا قىلىپ،
قەسەم بېرىپ جەڭگە كىرگەن قىز - ژىگىتلەر.
دۈشمەننى سۈر - توقاي قىپ ھەر مەيداندا،
ھەر جەڭدە ئۇستۇنلۇكنى ئالغان چاغدا.
قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ بوسۇغىدا،
غەلىبىگە قول يېتەي دەپ قالغان چاغدا.
مىڭ ئەپسۇس، ئىنقىلاپنىڭ ئوتى ئۆچتى،
قوللاردىن يالتىرلىغان قىلىچ چۈشتى.
تەغدىرنىڭ قىسمىتىگە نىمە چارە؟
ئىشەنگەن تاغلىرىمىز يەنە كۆچتى!
كۆرەشتە قۇربان بېرىپ، قانلار كەچتۇق،
چۆللەرنى بېسىپ ئۆتتۇق، داۋان ئاشتۇق.
جەڭلەردە شۇنچە باتۇر بولساقمۇ بىز،
تىزگىننى ياتقا بېرىپ خاتالاشتۇق!
يات بىزنىڭ ئىشىمىزنى بۇزاڭ قىلدى،
«ياۋ بىلەن كېلىشكىن» - دەپ گالزاڭ قىلدى.
گۈلشەننى باغۋىنىدىن جۇدا ئەيلەپ،
باراقسان بېغىمىزنى غازاڭ قىلدى!
شۇلارغۇ پېشىمىزنى ئارتقا تارتقان،
ئارقىدىن ماراپ تۇرۇپ ئوقلار ئاتقان.
ئەخمەتجاندەك رەھبەرلەرنى نابۇت قىلىپ،
خەلقىمنى ئالداپ بېرىپ ياۋغا ساتقان!
ياۋ كېلىپ، خەلقىمىزگە زۇلۇم قىلدى،
سولاشنى، ئۆلتۈرۈشنى ئۇدۇم قىلدى.
ئاتتى، چاپتى، سولىدى،
ئاخىرىدا،
ۋەتەندىن كېتىشكىمۇ مەجبۇرلىدى!
بىز كەتتۇق، يات يەرلەرگە سەرسان بولۇپ،
ۋەتەن قالدى، قول يەتمىگەن ئارمان بولۇپ.
ئويلىساق، باشقا چۈشكەن ئەلەملەرنى،
تۆكىلدۇ كۆز يېشىمىز مارجان بولۇپ!
قىرىق ژىل بىز مۇساپىر بولۇپ ئۆتتۇق،
قىرىق ژىل موسكۋادىن نىجات كۈتتۇق.
«دوستلار»نىڭ راپاۋىتى موشۇ بولدى،
ئۆزىمىز بار توروغلۇق نامدا ژۈتتۇق!
تاغدىنمۇ ئېغىر بولدى قىسمىتىمىز،
شۇندىمۇ ياشاپ كەلدۇق، ئۆلمىدۇق بىز.
قوساق توق، كىيىم پۈتۈن ئامما لېكىن،
ئېچىلىپ، چىن ژۈرەكتىن كۈلمىدۇق بىز.
ئەل بارمۇ بىزلەر كەبى بەختى قارا؟
ئەل بارمۇ بىزلەر كەبى قەلبى يارا؟
دەردىمىز تەڭرىتاغدىن ئېغىر تۇرسا،
نە ئۈچۈن قىلمىدۇق بىز ھەققە دەۋا؟

ئەمدى ئۇ قارا تۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى،
بىزگىمۇ ئويغىنىشنىڭ ۋاقتى يەتتى.
«ئىستىقلال بايرىغىڭنى قولغا ئال!» ـ دەپ،
تەڭرىنىڭ ئەلچىلىرى ۋەھىي ئەتتى!
مانا بىز ئۇلۇغ كارۋان بولۇپ قالدۇق،
ئەجداتلار ئىزى بىلەن ئالغا ماڭدۇق.
«تەغدىرىڭنى ئۆز قولۇڭدا تۇتقىن» ـ دېگەن
ساۋاقنى قەلبىمىزگە يېزىۋالدۇق!
بۇ سەپتە غېنى باتۇر ئىزلىرى بار،
ئەخمەتجاننىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرى بار.
لۇتپۇللىنىڭ قىساسكار ئەۋلادى ھەم،
رىزۋانگۇلنىڭ ئىز باسار قىزلىرى بار!
دوستلىرىم، ئالماق ئۈچۈن شانىمىزنى،
كۈرەشكە بېغىشلايلى، بارىمىزنى.
بۇ يولدا جان كەتسىمۇ كەتسۇن ـ لېكىن،
ساقلايلى، ئىنقىلاپچى ئارىمىزنى!
ئازمىدى، كۈرەشتە بىز تۆككەن قانلار،
ئازمىدى، تارىختىكى چوڭ زىيانلار.
ئويلىساق، ئاشۇ ئاچچىق ئەلەملەرنى،
ئوت بولۇپ ئۆرتىنىدۇ قەلبۇ ـ جانلار!
ـ بېجىنغا بارغىن ـ دېسە، باردى ئۇلار،
ـ خىتاينى قارشى ئال ـ دېسە، ئالدى ئۇلار.
خەلقىمنى ئالداپ بېرىپ ياۋغا ساتتى،
سەيپىدىن، بۇرھان كەبى سېتىلمىلار!
ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتمەي تۇرۇپ،
شېھىتلارنىڭ قېنى سىڭىپ كەتمەي تۇرۇپ.
يەنە چىقتى، جان باقار سېتىلمىلار،
ئۆزلىرىچە، تازا ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ!
ئۇيغۇرۇم، كۆزۈڭنى ئاچ، غاپىل قالما،
شەيتانلار ۋەسۋەسىگە قۇلاق سالما.
ئايرىۋال، ئادەم بىلەن ئالۋاستىنى،
ئالدىنىپ، يەنە بىر بار داغدا قالما!
يېقىنقى تارىخىڭغا بىر نەزەر سال،
ئەجداتلار خاتاسىدىن ئىبرەت ئال.
تۇتمىساڭ، تەغدىرىڭنى ئۆز قولۇڭدا،
ئىقبالىڭ بولغۇسىدۇر، يەنە زاۋال!
ياتلارغا كۆرسەتمىگىن، ژۈرىكىڭنى،
ئۆزەڭدىن ئىزدەپ تاپقىن كېرىكىڭنى.
ئىشەنمە چەتتىن كەلگەن «داھىلار»غا
ئۆزەڭنىڭ ئىچىڭدىن تاپ، رەھبىرىڭنى!
... ... ... ... ... ...
ئۇيغۇرۇم، باردى سېنىڭ ئۆز بايرىمىڭ،
مۇشەررەپ ئاپرېل ۋە نويابىرىڭ.
قاچانمۇ ئېچىلاركىن بەختىڭ سېنىڭ،
قاچانمۇ كېلەر شۇنداق ھۆر چاغلىرىڭ!
يەنە بىر نويابىرىڭ كەلسە ئىدى،
ئوغۇل ـ قىزىڭ يايرىشىپ كۈلسە ئىدى،
ئەشۇ ئازات ئەۋلاتلارنىڭ قاتارىدا،
مېنىڭمۇ روھىم بىللە ژۈرسە ئىدى!

1994 ـ ژىل، نويابىر.

